جوڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئائىت بىردىنبىر دۆلەت دەرىجىلىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

1999 · 1

# مىللەتلەر ئىتتىپاقى

# ETHNIC UNITY

全国百种重点社科期刊
中华人民共和国
新闻出版署
1998-1999



- مېنىڭ قەلبىمدىكى شىنجاڭ
- ئىككى ژۇرنال خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى
- ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلدا (1)
- مەدەنىيەت جەھەتتىكى نامراتلىق ۋە ئىقتىسادىي نامراتلىق توغرىسىدا
- ئۇنتۇلماس ئۇچرىشىش، مەڭگۈلۈك يالداما
- ياپونلارنىڭ زامانىۋى ئېڭى

ISSN 1002-9184

# جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت ئەزىمەتلىرى



ئابلەت ئابدۇرېشىت (شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى)

1942 - يىلى غۇلجا شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1965 - يىل 9 - ئايدا شىنجاڭ سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ سانائەت كارخانا كەسپىنى پۈتتۈرگەن، ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ شىنجاڭ قۇرۇلۇش تەكشۈرۈش - لايىھىلەش ئورنىنىڭ تېخنىك خادىمى، كەسپىي گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى، لايىھىلەش ئورنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئالىي ئىنژېنېرى بولغان. 1983 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پىلان كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى بولغان. 1991- يىل 5 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولغان. 1993 - يىل 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇۋەققەت رەئىسى بولغان. 1994 - يىل 3 - ئايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى بولغان. ج ك پ 15 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى.

بىز ھەممىدىن ياخشىسىنى تاللاپ بولالمايمىز،

ھەممىدىن ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن.

## مۇھەررىردىن تەۋسىيە

# دەستۇر سۈپەتلىك قىسقا ئەسەر: «ياشلىق»

**«ياشلىق»** ناملىق قىسقا ئەسەرنى ئامېرىكىلىق ۋولمان بۇنىڭدىن 70 نەچچە يىل ئىلگىرى ئېلان قىلغان، ئامېرىكا گېنېرالى مېكئاسى ئۇنى چىرايلىق سۈرەت رامكىسىغا ئېلىپ، پۈتكۈل تىنچ ئوكيان ئۇرۇشى جەريانىدا خىزمەت ئۈستىلىگە تىزىپ قويغان، كىشىلەر بىلەن قىلغان سۆھبەتلىرىدە ھەمىشە **«ياشلىق»**تىن نەقىل كەلتۈرگەن. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى شۇكى، بۇ ئەسەر كېيىنچە نۇرغۇنلىغان ياپونىيىلىكلەرنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى، ئۇلار ھەتتا بۇ ئەسەرنى يېنىدىن ئاجراتمايدىغان پورتمالىغا سېلىپ ساقلاشتى. سۇڭشىيا شىركىتىنى قۇرغۇچى سۇڭشىيا شىنزجو: كۆپ يىللاردىن بۇيان، **«ياشلىق»** ھەمىشە مېنىڭ دەستۇرۇم بولۇپ كەلدى، دېگەنىدى. تۆۋەندىكىسى **«ياشلىق»**نىڭ تولۇق تېكىستى:

***ياشلىق— ھايات مۇساپىمىزدىكى بىر مەزگىل ئەمەس، بەدىنىمىزنىڭ قىرانلىقى ۋە مەڭزىمىزنىڭ قىزىللىقىمۇ ئەمەس، بۇ قەلبىمىزدىكى بىر خىل ھالەت، كاللىمىزدىكى بىر ئۇقۇم، ئەقلىي تەپەككۇرىمىزدىكى ئىجادىمىزنىڭ يوشۇرۇن كۈچى، ھېسسىي پائالىيىتىمىزدىكى بىر خىل جۇشقۇنلۇق، ھايات باھارىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى بىر خۇش ھىدلىق ھاۋا.***

***ياشلىق شېرىن رومانتىك مۇھەببەتتىن ئۆز رازىلىقى بىلەن ۋاز كېچىپ، تۇرمۇش قايناملىرىدا ئۈزۈشتىن دېرەك بېرىدۇ، قورۇنۇش، قورقۇش ۋە نەپسىمىز ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغان يۈرەك ۋە پەزىلەتتىن دېرەك بېرىدۇ. ھالبۇكى 60 ياشلىق ئەرلەردە بۇنداق يۈرەك ۋە پەزىلەت 20 ياشلىق يىگىتلەردىن كۆپرەك بولىدۇ. ھېچكىم ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قېرىپ كەتمەيدۇ، بەلكى غايىنىڭ يوقىلىشى بىلەن ئىنسانلاردا قېرىلار مەيدانغا كەلگەندۇر.***

***يىللار تېرىمىزدە قورۇقلار قالدۇرالايدۇكى، قەلبىمىزدە تاتۇق قالدۇرالمايدۇ. غەم، قورقۇش، ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىنىڭ كەملىكى سىزنى ۋاقىتنىڭ چاڭ-توزانلىرى ئارىسىدا مۈكچەيتىدۇ.***

***مەيلى 60 ياش ياكى 16 ياش بولسۇن، ھەممە كىشى كەلگۈسىگە ئىنتىلىدۇ، ھەممە كىشى كىشىلىك تۇرمۇش رىقابىتىدىكى خۇشاللىققا باللارچە قەلب بىلەن چەكسىز تەشنادۇر. سىزنىڭمۇ ۋە مېنىڭمۇ قەلبىمىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئوخشاشلا بىر رادىئو ئاپپاراتى بار. ئۇ كىشىلەر ئارىسىدىن، بىپايان زاماندىن ۋە ماكاندىن گۈزەللىك، ئۈمىد، خۇشاللىق، جەسۇرلۇق ۋە كۈچ-قۇۋۋەت ئۇچۇرلىرىنى توختىماي قوبۇل قىلىپلا تۇرسا، سىز بىلەن مەن مەڭگۈ ياش تۇرىۋېرىمىز.***

***ناۋادا بۇ رادىئو ئاپپاراتى كارىدىن چىقسا، سىزنىڭ قەلبىڭىزنى ھېچ ئىشقا خوش ياقماسلىق ۋە ئۈمىدسىزلىكنىڭ مۇزى قاپلاپ كەتسە، سىز تېخى ئەمدىلا 20 ياشقا كىرگەن بولسىڭىزمۇ قېرىپ كېتىسىز؛ ئەگەر بۇ رادىئو ئاپپاراتى باشتىن-ئاخىر قەلبىڭىزدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرسا، ئۈمىدۋارلىق بىلەن ئىنتىلىپ تۇرىدىغان ھەر بىر رادىئو دولقۇنىنى قوبۇل قىلىپ تۇرسا، ياش يېتى تۇرغان 80 يېشىڭىزدا ئالەمدىن ئۆتۈشىڭىزدىن ئۈمىد بار.***

يېڭى بىر يىلدىكى تۈنجى ساندا سۆيۈملۈك كونا-يېڭى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە يېڭى يىل سوۋغىسى سۈپىتىدە **«ياشلىق»**نى، ئەھمىيەتلىك **«جەۋھەرلەردىن تەرمىلەر»**نى، **«يېڭىلايلى روھنى، كاللىنى»** ناملىق شېئىر ۋە **«قويمىچى»** ناملىق ساتىرادىن تۈزۈلگەن «گۈلدەستە»نى، ئېزىز داۋۇت، زۇلپىيە ئامان، ئابدۇكېرىم ئۆمەر، پاتىگۈل مۇھەممەت، ئامىنە تۇردى قاتارلىق 18 نەپەر ئوقۇرمەننىڭ **يۈرەك سۆزلىرىنى** سۇندۇق. ياقتۇرۇپ قالغايسىز.

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى

## ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە ماقالىلىرى

مېگىمىزنى ئىشقا سېلىپ، ھەممەيلەن ئەقىل كۆرسىتىپ ۋە كۈچ چىقىرىپ، ئىككى ژۇرنال خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى ......... لى جىنيۇ (4)
مېنىڭ قەلبىمدىكى شىنجاڭ .......................... جى شيەنلىن (10)

## ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات

جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلدا (1) ............................ لى شياۋلىن، شۇگۇيلىن (12)
شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى ياخشى باشقۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تېببىي مائارىپ ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشىمىز ...................... مۇھەممەد ياسىن (39)

## مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات

مەدەنىيەت جەھەتتىكى نامراتلىق ۋە ئىقتىسادىي نامراتلىق توغرىسىدا ........... ....................................... ئابدۇۋەلى ھېمىت (22)

## مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىدە

بەيزۇ مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ «مارت بازىرى» ............... خېلىل ئەلى (25)

## جاھانغا نەزەر

ئامېرىكا تەسىراتلىرى (ساياھەت خاتىرىسى) .............. ئىدرىس بارات (28)

## مىللىتىم ھەققىدە پاراڭ

كىتاب بوتكىسى ئالدىدا تۇغۇلغان ئويلار ...... خەلىپە ساۋۇت (قىرغىز) (34)

## دۇنيا مىللەتلىرى

ياپونلارنىڭ زامانىۋى ئېگى توغرىسىدا ............................ (37)

## بىلىم دۇردانىلىرى

ياۋروپانىڭ «ئالتۇن ئاچقۇچى» ..................................... (41)
ئالاھىدە ۋىتامىن ـــ مۇزىكا ......................................... (41)

## جەۋھەرلەردىن تەرمىلەر

«مەھمۇت قەشقەرى رومانىدىن دۇردانىلەر ............................ (42)
مەن ياقتۇرىدىغان ھېكمەتلەر ...................................... (42)
نوشىرۋان ئادىل بىلەن ۋەزىرى ئوتتۇرىسىدىكى سوئال - جاۋابلار (43)



ئىدرىس بارات



ياسىن هاۋازى



خەمىت نىغمەت



ئەركىن ئەبەيدۇللا

# مىللەتلەر ئىتتىپاقى

خەنزۇ، موڭغۇل، ئۇيغۇر، قازاق، چاۋشيەن تىللىرىدا چىقىدىغان سىياسىي، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك ژۇرنال

مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتى نەشر قىلدى

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى

ئۇيغۇرچە 11- يىل نەشرى

(ئومۇمىي 62 - سان)

باش مۇھەررىر:
ئىدرىس بارات
تېلېفون: 2834567

مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ياسىن هاۋازى

بۇ سانىنىڭ نۆۋەتچى تەھرىرى:
خەمىت نىغمەت

ئۇيغۇر بۆلۈم تېلېفون: 2837021

# مەملىكەت بويىچە ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى يۈز خىل نۇقتىلىق ژۇرنال

全国百种重点社科期刊
中华人民共和国
新闻出版署
1998-1999


### تۈرمۇشىمىزغا مەسلىھەت

دىئابىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلار 4 نى تولۇقلاپ تۇرۇشى كېرەك..........
........................................ شاۋكەت (44)

### كۆلكە خۇرۇچلىرى

مەشھۇر زاتلار ھەققىدىكى يۇمۇرلار .............................. (46)

### ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن سوئاللارغا بېرىلگەن جاۋابلار ۋە ئوقۇرمەنلەر ھوزۇرىغا
سۇنۇلغان ئىككى سوئال ........................................ (48)

### گۈلدەستە

ئۈنتۇلماس ئۇچرىشىش، مەڭگۈلۈك يالداما ......... ماخمۇت مۇھەممەت (50)
يېگىلايلى روھنى، كاللىنى! .................... ئەركىن ئەبەيدۇللا (61)
قەدىردان بولۇپ ئۆتسە ئىنسانلار ................ يۇسۇپجان سۇلايمان (61)
قويمىچى (مۇخەممەس) ............. ئابدۇرۇسۇل مۇھەممەت (بەختىيار) (62)
مەرىپەتپەرۋەر مۇئەللىملىرىمىز مەڭگۈ مەدھىيىلەشكە مۇناسىپتۇر..........
........................................ رىزۋان، مەريەم، بۇئايشەم (57)

### ئوقۇرمەنلەر ساداسى

ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۈرەك سۆزلىرى .............................. (58)

### بەت ئاستى چىمەنزارى

مۇھەررىردىن، چاقماق خەۋەر، ئىزگۈ تىلەك، قەلب چىرىغى، ھېكمەت، شەيتان
لۇغەت ........................................ (4 ـ 63)

### گۈزەل سەنئەت گۈلزارى

مۇقاۋىدا: ھەممىمىز يېشىللىققا مۇھتاج..............................
مۇقاۋىنىڭ 2 ـ بېتىدە: جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت ئەزىمەتلىرى:
ئابلەت ئابدۇرېشىت ........................................
مۇقاۋىنىڭ 3 ـ بېتىدە: شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىنى ۋە بىكتۈەن مىللىي
پېداگوگىكا مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز...
مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە: بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرىنىڭ يىغى
يىل سالىمى ........................................


(مۇقاۋىنى ئابدۇسالام ئابدۇراخمان لايىھىلىگەن)






(بەلگە لىچىدىكى سۆزنىڭ تەرجىمىسى:
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاخبارات ـ
نەشرىيات مەھكىمىسى تارقاتتى)

ئىدارىمىزنىڭ ئادرېسى:
(ئۈرۈمچى جەنۇبىي تىنچلىق يولى
204 ـ نومۇر 2 ـ بىنا D ئىشىك)

پوچتا نومۇرى: 830001

«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

تاق ئايلارنىڭ 15 ـ كۈنى
نەشردىن چىقىدۇ

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا
ئاشكارا تارقىتىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا
ئىدارىسى ۋە جايلاردىكى مىللەتلەر
خىزمىتى تارماقلىرى تارقىتىدۇ

باھاسى: 3 يۈەن

ۋاكالەت نومۇرى:
58 — 117

# مېڭىمىزنى ئىشقا سېلىپ، ھەممەيلەن ئەقىل كۆرسىتىپ ۋە كۈچ چىقىرىپ، ئىككى ژۇرنال خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتايلى

— «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»، «مىللەتلەر» رەسىملىك ژۇرنىلى خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

**لى جىنيۇ** (دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى)



**1. ئىككى ژۇرنالنى قانداق قىلىپ ياخشى چىقىرىش توغرىسىدا**

ئىككى ژۇرنالنى قانداق قىلىپ ياخشى چىقىرىش كېرەك؟ بۇ توغرىدا ئىخچاملاپلا مۇنداق دېيىشكە بولىدۇ: ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، پرىنسىپنى ئەستە چىڭ تۇتۇش، مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش، ئۆزگىرىشنى يولغا قويۇش.

**(1) ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، ئورنىنى بېكىتىش ئىنتايىن مۇھىم.** ئورنىنى بېكىتىش ژۇرنال چىقىرىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىنى بەلگىلەيدۇ، ئورنىنى بېكىتىش ژۇرنالنىڭ قانداق ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ، ئورنىنى بېكىتىش ژۇرنالنىڭ تەمىنى بەلگىلەيدۇ، ئورنىنى بېكىتىش ژۇرنالنىڭ ئۆزگىچىلىكىنى بەلگىلەيدۇ.

ئىككى ژۇرنالنىڭ ئورنىنى بېكىتىش مەسىلىسىدە مۇنداق بولسا بولارمىكىن، دەپ ئويلىدىم: «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى مەۋقەسىنى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قويۇپ، جەمئىيەتكە يۈزلەنگەن سىياسىي، ئاخبارات، ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىك، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى؛ «مىللەتلەر» رەسىملىك ژۇرنىلى مەۋقەسىنى ئاز سانلىق مىللەتلەرگە قويۇپ، جەمئىيەتكە يۈزلەنگەن، ئاخباراتچىلىققا، بىلىمچانلىققا، ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە بولغان ئېقىم مەسىلىلەرگە ئائىت رەسىملىك ژۇرنال. مۇشۇنداق ئورۇن بېكىتىشنى ئاساس قىلغاندا، ئىككى ژۇرنالنىڭ ئىقتىدارىنى مۇنداق دەپ ئىخچاملاشقا بولىدۇ: يەنى مىللەتلەر خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئائىت ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈش، ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئائىت بىلىم-ساۋاتنى ئومۇملاشتۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەر تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش.

مىللەتلەر خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا 4 جەھەتتىن كۈچ چىقىرىش كېرەك. بىرىنچىدىن، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تەشۋىق قىلىش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم روھىنى ۋە زور ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى تەشۋىق قىلىش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى يېڭى كەچۈرمىشلىرىنى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتلەردە ئوتتۇرىغا چىققان يېڭى تىپلارنى، 2 مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى داۋامىدا يەكۈنلەنگەن يېڭى

تەجرىبىلەرنى تەشۋىق قىلىش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، ژۇرنالنىڭ ئۆز مۇلاھىزىسىنى ئەستايىدىل ھالدا ئوبدان تۇتۇش كېرەك، مۇلاھىزە بىپەكچىلىكنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مۇھىم بىر ۋاستە ھېسابلىنىدۇ. مۇلاھىزە خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئورگان ژۇرنىلىنىڭ نوپۇزىنى ۋە ئۆزگىچىلىكىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان مۇھىم تەرەپتۇر. نۆۋەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى، قىيىن نۇقتىسىنى ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، سىياسەتنى شەرھلەپ، ئىدىيە جەھەتتە ئىلھام بېرىپ، گۇمانىي، چۈشىنىكسىز مەسىلىلەرنى چۈشەندۈرۈپ ئىزاھلاپ تۇرۇش كېرەك.

ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئائىت ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈشتە، مۇقىملىقنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىتتىپاقلىق ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈش كېرەك، قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىقتىساد ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈش كېرەك، ئالغا بېسىشنى چۆرىدىگەن ھالدا پەن- مائارىپ ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈش كېرەك، تەرەققىياتنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىشكىنى ئېچىۋېتىش ئۇچۇرلىرىنى يەتكۈزۈش كېرەك. ئۇچۇرلارنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ بەدىئىي يوسۇندا يەتكۈزۈش ئىشى بىزدىن يېڭى ۋەزىيەتنى ئەستايىدىل تەھلىل قىلىشنى، يېڭى ئەھۋالنى ئىگىلەشنى، يېڭى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشنى، يېڭى چارىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئاجايىپ قەيسەرلىك بىلەن ئىش كۆرۈپ، قەلبىمىزگە ئۇمۇملۇقنى پۈكۈپ، كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ، مېڭىمىزنى سەگەك تۇتۇشىمىز كېرەك.

مىللەتلەر ھەققىدىكى بىلىم ـ ساۋاتنى ئومۇملاشتۇرۇشتا، ئاز سانلىق مىللەتلەرگىلا يۈزلىنىپ قالماستىن، خەنزۇلارغا تېخىمۇ يۈزلىنىش كېرەك، ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئوبيېكتى كەڭ كادىرلار، زىيالىيلار ۋە ياش- ئۆسمۈر ئوقۇغۇچىلار بولۇشى كېرەك. پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈۋاتقان، ئىنسانىيەت 21ـئەسىرگە كىرىش ئالدىدا تۇرغان بۈگۈنكى كۈندە، بىزنىڭ بۇ مىللەتلەر چوڭ ئائىلىمىزدە باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى

سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قانداق مۇستەھكەملەش ۋە قانداق راۋاجلاندۇرۇش كېرەك؟ مېنىڭچە، بىرىنچىدىن، ھۆرمەتلەش كېرەك؛ ئىككىنچىدىن، قوللاش كېرەك؛ ئۈچىنچىدىن، ئالماشتۇرۇش كېرەك؛ تۆتىنچىدىن، تەرەققىي قىلىش كېرەك؛ ئۆزئارا ھۆرمەتلىگەندە، ئۆزئارا قوللىيالايدۇ؛ ئۆزئارا قوللىغاندا، ئۆزئارا ئالماشتۇرالايدۇ؛ ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش ئاساسىدا ئاندىن تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. ھۆرمەتلەش، قوللاش، تەرەققىي قىلىشتا ئالدى بىلەن ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىش كېرەك، مىللەتلەر ھەققىدىكى بىلىم ـ ساۋاتنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۆزئارا چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن بولىدۇ. مىللەتلەر ھەققىدىكى بىلىم ـ ساۋاتنى ئومۇملاشتۇرۇشتىكى مۇھىم نۇقتا مۇنداق 3 جەھەتتە بولۇشى كېرەك: بىرىنچىدىن، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى، پارتىيىنىڭ مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەت شۇنىڭدەك مىللەتلەر




ETHNIC UNITY

ھەققىدىكى قانۇن- نىزاملار جەھەتتە؛ ئىككىنچىدىن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى جەھەتتە؛ ئۈچىنچىدىن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ۋە ئۆرپ- ئادىتى جەھەتتە.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتە، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق سۆزلەرنى، ئىشلارنى قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىلىق بولغان ئىلغار تىپلارنى تەشۋىق قىلىش كېرەك.

مىللەتلەر تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، ئىتتىپاقلىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئىككى چوڭ تېمىنى يېقىندىن چۆرىدەپ، ئىتتىپاقلىق ئارقىلىق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، تەرەققىيات ئارقىلىق ئىتتىپاقلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. تەرەققىيات نوقۇل ھالدا ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىلا كۆرسەتمەيدۇ، بەلكى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن- تېخنىكا، سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق ھەرخىل ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەرەققىياتىنى كۆرسىتىدۇ. ئىككى ژۇرنالنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىدە تەرەققىياتنى چۆرىدىگەن ھالدا كۆپرەك ئىش قىلىش كېرەك.

**(2) پرىنسىپنى ئەستە چىڭ تۇتۇش.** ئىككى ژۇرنال مىللىي ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، مىللىي ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتى پارتىيىنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. مىللىي ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى يولداشلار تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىنى ئەستە چىڭ تۇتۇشى كېرەك.

**1. يېتەكچىلىك توغرا بولۇش.** توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇش پارتىيىنىڭ تەشۋىقات، ئىدىيە خىزمىتىدىكى 4 ئاساسىي ۋەزىپىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن: «جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنىڭ توغرا بولۇشى پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن بەخت- سائادەت؛ جامائەت پىكرىنىڭ خاتا بولۇشى پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن بالايىئاپەت» دەپ كۆرسەتكەنىدى. مىللىي ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتىدىكى يېتەكچىلىك مەسىلىسى مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاممىسىنىڭ ئىرادىسى ۋە كەيپىياتىغا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. شۇڭا، مىللىي ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتى خادىملىرى چوقۇم توغرا جامائەت پىكرى يېتەكچىلىكىنى ئوبدان ئىگىلەپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈچىنى جۇغلاپ ئۇيۇشتۇرۇپ، پارتىيە 15- قۇرۇلتىيى بېكىتكەن ئۇلۇغ پىلاننى بىرنىيەت، بىر مەقسەتتە ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىش كېرەك.

**2. ئومۇملۇق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش.** ئومۇملۇق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا ئالدى بىلەن ئومۇملۇقنى ئىگىلەش كېرەك. بۇ ئومۇملۇق پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىدىكى ئومۇملۇق بولۇپ، خەلقئارادىكى تەرەققىيات يۈزلىنىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. 1998 - يىلى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى




ETHNIC UNITY

.مۇدىرلىرىنىڭ مەملىكەتلىك خىزمەت يىغىنىدا يولداش لى دېجۇ-لائەسىر ئالمىشىدىغان پەيتتە دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى قانداق كۆزىتىش، تەتقىق قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا» شەرھلەپ ئۆتۈپ، ئىنتايىن ئېنىق، ئىنتايىن ئىخچام ۋە ئىنتايىن چوڭقۇر پىكىر بايان قىلدى، ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئومۇملۇقنى ئىگىلىشىمىزدە ناھايىتى رېئال يېتەكچىلىك ئەھمىيىتى بار. ھەممەيلەننىڭ ئۇنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئومۇملۇقنى ئىگىلەش تەشۋىقات يېتەكچىلىكى، ئاساسىي مۇقامى، مەزمۇنى جەھەتتە خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش، مۇقىملىقنى ئىبارەت ئومۇملۇقنىڭ تەلىپىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت.

**3 ئۆلچەمنى ئىگىلەش.** مىللىي ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ سىياسىيۋىلىكى، ئىدىيىۋىلىكى، سىياسەتچانلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك بولۇپ، ئۇ پارتىيىنىڭ ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە ئۇيغۇن كېلىشى، ئوبيېكتىپ، توغرا، ئومۇميۈزلۈك بولۇشى كېرەك. تەشۋىقاتنى ئىلمىي، يېتەكلەشنى بەدىئىي يوسۇندا ئېلىپ بېرىپ، پەيتكە دىققەت قىلىپ، دەل جايىنى تۇتۇپ، نۇقتىنى ئوبدان تاللاش كېرەك. نۆۋەتتىكى مەركىزىي خىزمەت توغرىسىدا داغدۇغا قوزغاپ، تەشۋىقات قىزغىنلىقىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك؛ مەركىزىي خىزمەتتىن باشقا مۇھىم خىزمەتكە مەلۇم تەشۋىقات تېمپېراتۇرىسىنى ساقلاش كېرەك؛ خىزمەتتە مەۋجۇت بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنى تەشۋىق قىلىش ھەددىدە بولۇشى كېرەك. تەشۋىقاتنىڭ ئاساسىي مۇقامىدا بىردەم قىزىپ، بىردەم سوۋۇپ، گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا ئىغاڭلىماي، مۇقىملىقنى ۋە ئىزچىللىقنى ساقلاش كېرەك، بىر خىل خاھىشنىڭ يەنە بىر خىل خاھىشنى يېپىپ يوشۇرۇپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، بىر قۇتۇپتىن يەنە بىر قۇتۇپقا مېڭىپ قېلىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

**4. ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىش.** تەتقىقاتتا چەكلەنگەن رايون بولمايدۇ، تەشۋىقاتتا ئىنتىزام بولىدۇ. مىللىي ئاخبارات، تەشۋىقات خىزمىتىنى پارتىيىگە ئىنتايىن مەسئۇل بولۇش، خەلققە ئىنتايىن مەسئۇل بولۇش، مىللەتلەر خىزمىتىگە ئىنتايىن مەسئۇل بولۇش روھى بىلەن ئوبدان ئىشلەش كېرەك. چۈنكى سىياسىي فاڭجېن، سىياسەت خاراكتېرلىك نەزەرىيە ۋە ئىتتىپاقلىق - مۇقىملىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان تەشۋىقات خەۋەرلىرىدە تەكشۈرۈش ئۆتكىلىنى قاتتىق ئىگىلەپ، مۇھىم ماقالىلەرنى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ كۆرۈپ چىقىشىغا يوللاش كېرەك. يۇقىرىنىڭ تەدبىر ۋە يوليورۇقلىرىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك، بۇيرۇق بولغان ئىكەن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىش، چەكلەنگەن ئىكەن دەرھال توختىتىش، چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە يوليورۇق سوراپ دوكلات قىلىش كېرەك. قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ بەرمەي، ياردەم بېرىش كېرەك، بەل قويۇپ بەرمەي، رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرۇش كېرەك. ئىتتىپاقلىق، مۇقىملىق، رىغبەتلەندۈرۈش ۋە ئىجابىي تەشۋىقاتنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك.

**(3) مۇھىم نۇقتىنى تۇتۇش.** بۇ يەردە دېيىلگەن مۇھىم نۇقتا ئاخبارات ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئىككى ژۇرنالنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مۇشۇ ئىككى ژۇرنالغا قويۇلغان تەلەپتىن ئىبارەت.

**1. چىنلىقنى تەكىتلەش كېرەك.** ئىككى ژۇرنال ئاخبارات تىپىغا كىرىدىغان قەرەللىك ژۇرنال بولۇپ، چىن بولۇش ئاخباراتنىڭ جېنى ھېسابلىنىدۇ، ئاخبارات تەشۋىقاتى چىن، توغرا بولغاندىلا ئاندىن ئىشەنچلىك بولىدۇ؛ ئىشەنچلىك بولغاندىلا ئوقۇرمەنلىرى بولىدۇ.

**2. ۋاقىت ۋە ئۈنۈمدارلىقنى تەكىتلەش.** ژۇرنال گېزىتكە، رادىئوغا، تېلېۋىزورغا ئوخشاش بولمايدۇ. ۋاقىتنىڭ يېڭى بولۇشى جەھەتتە رىقابەت ئۈستۈنلۈكى بولمايدۇ. ئىككى ژۇرنال چوڭقۇرلۇق جەھەتتە خەۋەر بېرىشكە كۈچ چىقىرىپ، ۋاقىتنىڭ يېڭى ۋە ئۈنۈمنىڭ ياخشى بولۇشىنى ئوبدانراق بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

**3. ئامموۋىلىقنى تەكىتلەش كېرەك.** ژۇرنال ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ئىشلەنگەن بولىدۇ. ئامموۋىلىقنى تەكىتلىگەندە، ئەمەلىيەتكە، ئاساسىي قاتلاملارغا، تۇرمۇشقا، ئاممىنىڭ ئارىسىغا چۆكۈپ، ئاممىغا كۆپ مىقداردىكى ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، ئامما



مۇخبىرىمىزدىن: قاراقاش ناھىيە پۇرچاقچى يېزا باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ئۆمەرجاننىڭ ژۇرنىلىمىزغا تەكلىپ بەرگەنلىكىگە رەھمەت!

كۆڭۈل بۆلگەن قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى خەۋەر قىلىپ، ئامىمىنىڭ ئارزۇسى ۋە تەلەپلىرىنى ئىنكاس قىلىش كېرەك.

**4. ئالاھىدىلىكنى تەكىتلەش كېرەك.** ئالاھىدىلىك جەھەتتە، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ئورنىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئالاھىدە ئەھۋالغا بىرلەشتۈرۈپ، شەكىل ۋە مەزمۇن جەھەتتە ئۆزگىچىلىكنى ئىپادىلەش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك 3 جەھەتتە كۈچ چىقىرىشىمىز كېرەك: بىرىنچىدىن، يېتەكچىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك، يېتەكچىلىك دېگىنىمىز نوپۇزلۇقى، يەنى سىياسىينى تەكىتلەش، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك، دېگەندىن ئىبارەت. ئىككى ژۇرنال دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى باشچىلىقىدا چىقىرىلىدىغان ژۇرنال بولۇپ، ژۇرنالنىڭ يېتەكچىلىكىنى بايرىقىمىز روشەن ھالدا، ھەقلىق يوسۇندا تەكىتلىشىمىز كېرەك. ئىككىنچىدىن، بىلىمچانلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك، بىلىم مىقدارى كۆپ، ئەمەلىي ئىشلىتىلىشى كۈچلۈك، ساقلاش قىممىتىگە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۈچىنچىدىن، قىزىقارلىق بولۇشىغا ئېتىبار بېرىش كېرەك، مەزمۇنى جانلىق، تۇرمۇشقا يېقىن بولۇشى كېرەك.

**5. مۇقىم بولۇشنى تەكىتلەش كېرەك.** ئالاھىدىلىكنىلا بولۇپ، مۇقىملىقى بولمىسا ئۆزگىچىلىكنى، ئۇسلۇبنى شەكىللەندۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇقىم بولۇشى دېگەندە مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە نىسپىي ھالدا مۇقىم بولۇش، ئۇسلۇب ۋە ئۆزگىچىلىكى جەھەتتە نىسپىي ھالدا مۇقىم بولۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. كونكرېت قىلىپ ئېيتقاندا، مۇقاۋا بەتلىرىنىڭ لايىھىلىنىشى، سەھىپىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، بەتلىرىنىڭ لايىھىلىنىشى ئۇزاقراق ۋاقىت ئىچىدە نىسپىي ھالدا مۇقىم بولۇشى كېرەك؛ ماقالە، رەسىم، سۈرەتلەرمۇ ئاساسىي ئۇسلۇبقا ئىگە بولۇشى كېرەك.

**6. ئوقۇشلۇقلۇقنى تەكىتلەش كېرەك.** بۇ توغرىدا مەزمۇن ۋە شەكىل جەھەتتە مۇنداق تەلەپنى قويماقچىمەن: شەكىل جەھەتتە 4 بەت مۇقاۋىسىنىڭ لايىھىلىنىشى روشەن ئۆزگىچىلىكنى گەۋدىلەندۈرۈشى كېرەك، سەھىپىلىرىنىڭ لايىھىلىنىشىدە ئېسىل ئەسەرلەر ئېگى تەكىتلىنىشى كېرەك، بەتلىرىنىڭ لايىھىلىنىشىدە بىر پۈتۈنلۈك ئۇسلۇبى گەۋدىلىنىشى كېرەك. مەزمۇن جەھەتتە يېڭى، راست، ھېسسىياتلىق، جانلىق، قىسقا بولۇشى كېرەك. يەنى تۇرغۇسى يېڭى، مەزمۇنى يېڭى، ژانىرى يېڭى، شەكلى يېڭى بولۇشى كېرەك؛ راست گەپ قىلىش، راست ئىشنى يېزىش، راست ، سەممىي نىيەتتە ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك؛ كىشىلەرنى ھېسسىيات ئارقىلىق تەسىرلەندۈرىدىغان، كىشىلەرنى ھېسسىيات ئارقىلىق خۇشاللىققا ئېرىشتۈرىدىغان، ھېسسىيات ـ قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان بولۇشى كېرەك.

**(4) ئۆزگىرىشنى يولغا قويۇش.** سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئېلىمىزنىڭ ئاخبارات ئىشلىرى كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىشلەرنى ھاسىل قىلدى ۋە قىلماقتا. ئىككى ژۇرنال ۋەزىيەتكە ماسلىشىشى، مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشى، ئۆزگىرىشنى يولغا قويۇشى كېرەك. بۇنىڭدا يېتەكچىلىك بىلەن ئاممىۋىلىقنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك؛ 2 مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى تەشۋىقاتىنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك؛ نۇقتىلىق خەۋەر قىلىش بىلەن ئادەتتىكىدەك خەۋەر قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك.

## 2. ئىككى ژۇرنالدىن قانداق پايدىلىنىش توغرىسىدا

ئىككى ژۇرنالدىن قانداق پايدىلىنىش ئۈستىدە سۆز ئاچقاندا، ھەم ئىككى نەشرىيات كۆزدە تۇتۇلىدۇ، ھەم ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى، كەڭ ئوقۇرمەنلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئىككى نەشرىيات جەھەتتىن ئالغاندا، ئىككى ژۇرنالدىن پايدىلىنىشتا تارقىتىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك، مەلۇم نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ژۇرنالنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى تارقىتىش مىقدارىنىڭ جىق ـ ئاز بولۇشىغا باغلىق. ژۇرنالنى ئوبدان چىقىرىش تارقىتىش ئىشلىرىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ھېسابلىنىدۇ، مەزمۇنى جايىدا بولمىسا ياكى سۈپەت جەھەتتىن ئۆتكەلدىن ئۆتمىگەن بولسا، تارقىتىش خىزمىتى مەنبەسىز سۇ، يىلتىزسىز دەرەخ بولۇپ قالىدۇ.

ETHNIC UNITY

مۇھەررىردىن: ئەشقەر كولىشەھەر بەشكېرەم يېزىسىدىن ھاپىزجان مۇھەممەت ژۇرنىلىمىزغا تەكلىپ بەرگەنلىكىڭىزگە رەھمەت!

ھەر دەرىجىلىك مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرى جەھەتتىن ئالغاندا، ئىككى ژۇرنالدىن پايدىلىنىش مۇنداق ئۈچ مەنىگە ئىگە: بىرىنچىدىن، ئىككى ژۇرنالنىڭ تارقىتىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەپ، ئۇ ئىككى ژۇرنالنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە كۆۋرۈكلۈك ۋە ۋاسىتىلىك رولىنى جارى قىلدۇرغان قىلىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئىككى ژۇرنالغا پائال تۈردە ماقالە يېزىپ، ئىككى ژۇرنالدىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ئۆز رايونىنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىنى تەشۋىق قىلىش ۋە ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئىككى ژۇرنالدىن پايدىلىنىپ خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىش كېرەك. كەڭ ئوقۇرمەنلەر نۇقتىسىدىن ئالغاندا، ئىككى ژۇرنالدىن پايدىلىنىش شۇ ئىككى ژۇرنالنى ئوقۇپ بىلىمىنى ئاشۇرۇپ، سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت. دېمەك، ئىككى ژۇرنالنى تارقىتىش نۇقتىسىدىن ياخشى ئىشلەش كېرەك، ئىككى ژۇرنالدىن ياخشى پايدىلىنىش نۇقتىسىدىن تارقىتىشنى ياخشى قىلىش كېرەك. ئىككى ژۇرنالنى تارقىتىش نۇقتىسىدىن ياخشى ئىشلەشتە كۆزىتىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشكە، ئالدىن بىلەرلىكنى ئۆستۈرۈشكە، ئىنكاس قايتۇرۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ بىزدىن نۆۋەتتىكى تەشۋىقات، ئىدىيىۋى خىزمەتنىڭ ۋەزىيىتى ۋە ۋەزىپىسىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىزىقىشىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى ئومۇمىي ۋەزىيەتنى چۆرىدىگەن ھالدا تەتقىق قىلىپ، بەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى ۋاقتىدا تەڭشەپ، مۇۋاپىق كېلىدىغان تېمىلارنى بالدۇرراق پىلانلاشنى تەلەپ قىلىدۇ.

يوقىرىدا ئىككى ژۇرنالنىڭ ئىقتىدارى ھەققىدە ئېيتقانلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىككى ژۇرنالدىن ياخشى پايدىلىنىش كېرەك، ئىككى ژۇرنالنىڭ تارقىتىش خىزمىتىنى ئىشلەشتە «مەۋقەنى قوغداش»، ئىككى «يۈزلىنىش» ۋە ئۈچ «يەتكۈزۈش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. يەنى مەۋقەنى مىللەتلەر خىزمىتى ساھەسىگە ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا قويۇش، پۈتۈن مەملىكەتكە، پۈتۈن دۇنياغا يۈزلىنىش، ئىدارە، جەمئىيەتلەرگە، زاۋۇتلارغا ، كەڭ كادىرلار ۋە زىيالىيلارنىڭ قولىغا يەتكۈزۈش كېرەك. ھەرقايسى جايلاردىكى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتلىرى ئىككى ژۇرنالنىڭ تارقىتىش خىزمىتىگە يەنىمۇ ئەھمىيەت بېرىشى، ئىككى ژۇرنالنىڭ تارقىتىش خىزمىتىنى مۇھىم بىر ۋەزىپە قاتارىدا ھەققىي ئوبدان تۇتۇشى كېرەك.

ئىككى ژۇرنالنىڭ تارقىتىش خىزمىتىدە يەنە پۈتۈن مەملىكەتكە ۋە پۈتۈن دۇنياغا يۈزلىنىش كېرەك. مىللەتلەر خىزمىتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ھەممە جەھەتلەرگە چېتىلىدۇ. شۇڭا، ئىككى ژۇرنالنىڭ تارقىتىلىش خىزمىتى پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلىنىش كېرەك. ئېلىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتى دۇنيا بويىچە ئەڭ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ھېسابلىنىدۇ، دۇنيادىكى بەزى دۆلەت ۋە رايونلاردا مىللىي ماجىرالار توختىماي بولۇپ تۇرغان، ئۇرۇش ئوتلىرى ئۈزلۈكسىز يېنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگونىڭ مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى چارىسى پۈتكۈل دۇنيادا ئەينەك قىلىش ئەھمىيىتىگە ئىگە. مىللىي مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنى مول، ئاجايىپ سەلتەنەتلىك نۇرى چاقناپ تۇرىدۇ، ئىككى ژۇرنال دۇنياغا يۈزلىنىشتە ئىنتايىن چوڭ ئۈستۈنلۈككە ئىگە. شۇڭا، ئىككى ژۇرنالنى چەت ئەللەرگىمۇ تارقىتىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىپ، بۇ جەھەتتە چوڭراق بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

ھازىر ژۇرناللار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت ئىنتايىن كۈچلۈك. بىز ئىككى ژۇرنالنى مەملىكەت بويىچە مىللەتلەرگە ئائىت ژۇرناللار ئىچىدىكى نوپۇزلۇق ژۇرنال قىلىپ چىقالايدىغان بولساق، يۇقىرىدا دېگەن ئۈچ «يەتكۈزۈش»نىشانىغا يېتەلىشىمىز تامامەن مۇمكىن.

ئۈچ «يەتكۈزۈش»نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، ھەم پوچتا ئارقىلىق تارقىتىش بىلەن ئۆزى تارقىتىشنى بىرلەشتۈرۈشكە تايىنىش كېرەك، ھەرقايسى جايلاردىكى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ خىزمەت ئىشلىشىگە تېخىمۇ بەكرەك تايىنىش كېرەك. پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللەتلەر خىزمىتى تارماقلىرىدا ئىشلەيدىغان يولداشلار ئىككى ژۇرنالنىڭ تارقىتىش خىزمىتىگە مىللەتلەر خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئەھمىيەت بېرىپ، «ئۆز ژۇرنىلىمىز»نىڭ تارقىتىش خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى كېرەك.

(ياسىن ھاۋازى تەرجىمە قىلدى)

# مېنىڭ قەلبىمدىكى شىنجاڭ

جى شيەنلىن



مەملىكىتىمىزدىكى بارلىق رايونلار ئىچىدە شىنجاڭ ئۆزگىچە ئورۇننى تۇتىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزگىچە بولۇشى شىنجاڭنىڭ زېمىنى كەڭ، ئۇ يەردە ياشايدىغان مىللەتنىڭ كۆپ بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئۆزگىچە تۆھپە قوشقانلىقىدىن.

بىر دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى ئاساسلىق گۆھەر ئۆز دۆلىتىدە بارلىققا كەلگەن بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما «ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلار»مۇ مۇتلەق يوسۇندا كەم بولسا بولمايدۇ، ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارنىڭ كىرەلىشى ئاساسلىقى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىن بولىدۇ، مەن بىرمۇنچە ماقالىلىرىمدا ۋە سۆزلىرىمدە: مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش بىر دۆلەت ياكى بىر مىللەتنىڭ ئالغا قاراپ تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنىڭ بىرى، كەم بولسا بولمايدۇ، دېگەن كۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتكەنىدىم. جۇڭگونىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ تارىخي پاكىتلىرى مېنىڭ بۇ كۆز قارىشىمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئەگەر بىر تەرەپلىمە كۆز قاراشتا بولمىسىلا، بۇنى ئېتراپ قىلماي بولمايدۇ.

جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ھەققىدە سۆز ئېچىلغاندا، ئالدى بىلەن شىنجاڭنى ئويلاش كېرەك، مەن ھەمىشە: دۇنيادىكى 4 چوڭ مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ بىردىنبىر قوشۇلغان يېرى جۇڭگونىڭ شىنجاڭ رايونى، دەپ ئېيتىپ كېلىۋاتىمەن. بۇ 4 چوڭ مەدەنىيەت سىستېمىسى — جۇڭگو مەدەنىيىتى سىستېمىسى، ھىندىستان مەدەنىيىتى سىستېمىسى، ئىسلام مەدەنىيىتى سىستېمىسى ۋە ياۋروپا - ئامېرىكا مەدەنىيىتى سىستېمىسىدىن ئىبارەت. مۇشۇ 4 چوڭ مەدەنىيەت سىستېمىسىنى بىرقانچە مىڭ يىل مابەينىدە دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر، ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ياراتقان، ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ئۆتمۈشتە بارلىققا كەلگەن، كەلگۈسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىنسانىيەت ئىستىقبالىنىڭ شەرەپ قۇچۇشى ياكى ئار-نومۇستا قېلىشى، گۈللىنىشى ياكى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇشىمۇ يەنىلا 4 چوڭ مەدەنىيەت سىستېمىسىنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا باغلىق. ئىنسانلار جەمئىيىتى بۈگۈنكى كۈندە تەرەققىي قىلىپ قانداق دەرىجىگە يەتسۇن، كەلگۈسىدە يەنە قايسى يۆنىلىشكە قاراپ تەرەققىي قىلسۇن؛ ھازىرقى دۇنيادىكى ئۇچۇرلار پارتلاپ قانداق دەرىجىگە يەتسۇن، پەن - تېخنىكا تەرەققىياتى كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك ئاجايىپ- غارايىب ھالەتكە يەتسۇن، ئىنسانىيەتنىڭ ماڭىدىغان يولى ھامان مۇشۇ 4 چوڭ مەدەنىيەتنىڭ كەلگۈسى ئەسىردىكى ئۆز ئارا سوقۇلۇشى ۋە قوشۇلۇشىدىن ئايرىلىپ

ETHNIC UNITY

مۇھەررىردىن: يوپۇرغا ناھىيە ئاچچىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن ئەخمەتجان خۇما ژۇرنىلىمىزغا قىممەتلىك تەكلىپلەرنى بەرگەنلىكىڭىزگە رەھمەت!

كېتەلمەيدۇ، بۇ نۇقتىغا كامىل ئىشىنىمەنكى، ھەرگىز گۇمان قىلمايمەن.

ئويلايمەنكى، بەزىلەر مېنىڭ ئىناقلىقنىڭ ئورنىنى بەك يۇقىرى كۆتۈرۈۋەتكەنلىكىمگە گۇمان بىلەن قارىشى مۇمكىن. ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولسا، مەن تارىخىي پاكىتلارغا مۇراجىئەت قىلىمەن. ھەممىگە ئايانكى، بىرقانچە مىڭ يىللارغىچە ئاۋات بولۇپ، گۈللىنىپ كەلگەن، نەچچە مىڭ چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان، جۇڭگودىن ياۋروپاغىچە تۇتاشقان، يولبويى گۈللەنگەن ياكى خارابلاشقان سان ـ ساناقسىز دۆلەت ۋە مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا شاھىد بولغان «يىپەك يولى» دەل ئىناقلىقنى تۇغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان مۇھىم قاتناش يولى ھېسابلىناتتى، مانا بۇ يول شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتى ئالماشتىدىغان چوڭ ئانا تومۇر ئىدى. جۇڭگونىڭ خەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن، جۇڭگو خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىختىرا، كەشپىياتلىرى مۇشۇ يولنى بويلاپ غەربكە تارقالغان، غەربنىڭ شۇنىڭدەك ئاشۇ يول بويلىرىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىختىرا، كەشپىياتلىرى ۋە ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلىرى، كان مەھسۇلاتلىرىمۇ مۇشۇ يولنى بويلاپ شەرققە كەلگەن. مۇشۇنداق بار ـ يوقنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، «ئەكېلىش» ۋە «ئاپىرىش» پائالىيەتلىرى مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ كونكرېت مەزمۇنى ئىدى. مانا بۇلار ئالماشتۇرغۇچى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى تۇرمۇشى ۋە مەدەنىيەت مەزمۇنىنى بېيىتقان. ئەگەر مۇشۇنداق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش بولمىغان بولسا، بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىكى ئەھۋالىمىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز ناھايىتى تەس. گەرچە ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلىدىن ۋاقىت ۋە ۋەزىيەتتە ناھايىتى زور ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، جۇڭگونىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتىكى چىقىش، كىرىش ئېغىزلىرى بارغانسېرى كۆپىيىپ، ئىناقلىق بۇ جەھەتتە ئانچە مۇھىم ئەمەستەك بولۇپ قالغان بولسىمۇ، مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئىناقلىقنىڭ ئىلگىرىكى شانلىق سەلتەنىتىنى ئۇنتۇپ قېلىشىمىزغا بولمايدۇ. ئىناقلىقنىڭ بىرقانچە مىڭ يىللىق مۇشۇنداق سەلتەنەتلىك تارىخىغا ھازىر دىققەت قىلىنىۋاتقانلار، جۈملىدىن ئىناقلىقلاردىن دىققەت قىلىنىۋاتقانلارمۇ ئانچە كۆپ قالمىدىغۇ، دەيمەن.

جۇڭگو ــ 56 مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ دۆلەت. جۇڭگودا ئىناقلىق ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق، تاجىك، شىبە قاتارلىق مىللەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چوڭ ئۆلكە (ئاپتونوم رايون) ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇنداق مۇھىتتا تۇرغان ئىكەن، جۇڭگو پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تىنچ ـ ئىتتىپاق بولۇشىغا مۇھتاج، ئىناقمۇ ئۆز تەۋەسىدىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ تىنچ ـ ئىتتىپاقلىقىغا مۇھتاج. تىنچ ـ ئىتتىپاقلىق پۈتۈن مەملىكەتتىكى، پۈتۈن ئىناقدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

بۈگۈنكى دۇنيا مىقياسىدىكى ئۇرۇش ئوتلىرى ھەممە يەردە تۇتىشىپ، ئۇرۇش قالايمىقانچىلىقى ئۈزلۈكسىز يامراۋاتقان خەلقئارا ۋەزىيەتتە، جۇڭگونىڭ تىنچ ـ ئىتتىپاقلىقى ئەمەلىيەتتە پۈتۈن دۇنيا خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. بۇ نۇقتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز لازىم.

تىنچ ـ ئىتتىپاقلىققا ئېرىشىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئوتتۇرىسىدىكى چۈشىنىش ۋە دوستلۇقنى كۈچەيتىش كېرەك. چۈشىنىش بولمىسا، دوستلۇق ئورنىتىش قىيىن بولىدۇ. ئىلگىرىكى تارىخنى چۈشىنىش، ئىلگىرى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئىگىلىك ياراتقان تارىخنى چۈشىنىشلەر ئىچىدىكى ھەممىدىن مۇھىم نەرسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ بىزگە چىش بىلەن كالپۇكنىڭ يېقىنلىق مۇناسىۋىتى داۋلىسىنى ئۇقتۇرىدۇ؛ ئۇ بىزگە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تەقدىرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ.

*(ئاپتور: بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئاتاغلىق پروفېسسورى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. ھازىر جەنۇبىي ئاسىيا ۋە شەرقىي ئاسىيا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى)*

(ياسىن ھاۋازى تەرجىمە قىلدى)



مۇھەررىردىن: لىيە ناھىيە يېڭى يېزا مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپتىن پاتەمخان مۇھەممەت ژۇرنىلىمىزنىڭ قىزغىن ئوقۇرمەنى بولغانلىقىڭىزغا رەھمەت!

# ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 20 يىلدا (1)

(1978 - يىلدىن 1998 - يىلغىچە)

لى شياۋلىن، شۇگۇيلىن

20 يىلدا، يېڭى تۇغۇلغان بىر بوۋاقمۇ جۇشقۇن روھلۇق، ساغلام يىگىت بولۇپ قالدۇ.

20 يىل تارىخ ئېقىنىدا كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچىلا ۋاقىتتۇر.

1978 - يىلدىن 1998 - يىلغىچە بولغان 20 يىل جۇڭگولۇقلار ئۈچۈن، بولۇپمۇ 55 ئاز سانلىق مىللەت ئۈچۈن ئاجايىپ خاسىيەتلىك ۋاقىت بولدى. بۇ 20 يىلدا جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىدا ئۇزۇل - كېسىل ئۆزگىرىش بولدى. ھەر بىر مىللەت، ھەر بىر مىللەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسى مۇشۇ 20 يىل جەريانىدىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەردىن تەسىرلەندى. بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدىكى ئورنىنىڭ ئۆسكەنلىكىدە، جۇڭخۇا مىللەتلىرى چوڭ ئائىلىسىنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ يۇقىرى ئۆرلەشتىكى ھاياتىي كۈچىدە، ھەر بىر ئاز سانلىق مىللەت قېرىنداشنىڭ تۇرمۇشى ۋە مەنىۋىيىتىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا گەۋدىلەنگەندى...

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيانقى 20 يىلنى خاتىرىلەش ۋە ئوقۇرمەنلەر ئارزۇسىنى قاندۇرۇش يۈزىسىدىن بىز مۇشۇ 20 يىلدا ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ۋە مىللەتلەر خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان ۋەقەلەرنى ئالاھىدە رەتلەپ چىقتۇق. خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان ئىشلار يەنە ناھايىتى كۆپ، ئەلۋەتتە. بۇ ماقالىگە يېزىلماي قېلىشتىن ساقلىنىش تەس. ئەمما ئوقۇرمەنلەرنىڭ توغرا چۈشىنەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىمىزكى، بىز ئۇ ئارقىلىق جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ «نامراتلىق ۋە نادانلىق بىلەن خوشلىشىپ، گۈللىنىش ۋە قۇدرەت تېپىش يولىغا مېڭىپ، مەزمۇت قەدەملەر بىلەن يېڭى ئەسىرگە يۈرۈش قىلغان» كۈچلۈك دەۋر مېلودىيىسىنى بىلىۋالالايمىز!

بۇ 20 يىللىق مۇساپىنى ئەسلىسەك، ھەر مىللەت خەلقىنى يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، «ھەممە پەس، تەقدىرداش، قەلبداش» بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى كۈتۈۋېلىشقا رىغبەتلەندۈرگۈسى.

## 1978 - يىل

2 - ئاينىڭ 24 - كۈنى. سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك كومىتېتىنىڭ 1 - يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. يىغىنغا قاتناشقان ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرى 147 نەپەر بولۇپ، ئەزالار ئومۇمىي سانىنىڭ %7.39 نى ئىگىلىدى.



ETHNIC UNITY

2 - ئاينىڭ 26 - كۈنى. 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 - يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. يىغىنغا قاتناشقان ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى 381 نەپەر بولۇپ، ۋەكىللەر ئومۇمىي سانىنىڭ 10.9 % ىنى ئىگىلىدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر 54 مىللەتتىن تەركىب تاپتى.

5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى. گوۋۇيۈەن «دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىلىرى ۋە ئاپپاراتلارنىڭ تەسىس قىلىنىشى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى.

6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى. مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى بىلەن دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتى توغرىسىدا سۆھبەت يىغىنى چاقىردى. 10 - ئاينىڭ 6 - كۈنى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى يىغىن مەزگىلىدە تەييارلانغان «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى كادىرلار خىزمىتىگە دائىر بىرقانچە پىكىر»نى ۋە ئۇقتۇرۇشنى تارقاتتى.

9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن تۇنجى قېتىم ئۇيۇشتۇرۇلغان ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، شىزاڭ، گۇاڭشى، نىڭشيا قاتارلىق 21 ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايوندىكى 54 ئاز سانلىق مىللەتتىن تەركىب تاپقان ۋەكىللەرنى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا كۆپ يىل خىزمەت قىلغان خەنزۇ كادىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت بايرىمىنى تەبرىكلەش ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ بېيجىڭغا كەلدى.

## 1979 - يىل

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بېيجىڭدا مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى 5 يۈرۈش مەجمۇئەنىڭ تەھرىرلەر يىغىنى چاقىردى ھەمدە «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر»، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قىسقىچە تارىخي مەجمۇئەسى»، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل تەزكىرىسى مەجمۇئەسى»، «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئاپتونومىيىلىك جايلىرىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى مەجمۇئەسى» ۋە «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىنى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى مەجمۇئەسى» قاتارلىق 5 يۈرۈش مەجمۇئەنى يېزىپ چىقىشنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى.

2 - ئاينىڭ 3 - كۈنى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك سەپ بۆلۈمى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا «پۈتۈن مەملىكەتتىكى بىرلىك سەپ، مىللەتلەر - دىن خىزمىتى تارماقلىرىغا كىيدۈرۈلگەن «تەسلىمچىلىك لۇشيەنىنى ئىجرا قىلغان» دېگەن قالپاقنى ئېلىۋېتىشنى تەكلىپ قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق سوراش دوكلاتى»نى سۇندى.

2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى. خەلق ئىشلار مىنىستىرلىكى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى «خۇيزۇلار ئارىسىدا كۆيدۈرۈپ دەپنە قىلىشنى يولغا قويۇشقا زورلىماسلىق مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى.

3 - ئاينىڭ 10 - كۈنى. گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ لىنشيا خۇيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومى بىلەن ئىنقىلابىي كومىتېتى گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ ئائىلىلەردە قوي بېقىشنى چەكلەش توغرىسىدىكى بۇيرۇقنى بىكار قىلىپ، ئۇلارغا كوللېكتىپتىن يەم - خەشەك يېرى ئاجرىتىپ بېرىشنى ھەمدە 1400 دىن ئارتۇق ئەلا نەسىللىك چارۋا تۇرىنى سىرتتىن كىرگۈزۈپ، لىنشيا، دۇڭشياڭ، خېجېڭ، يۇڭجىڭ قاتارلىق ناھىيەلەرنىڭ بەزى گۇڭشېلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرىگە ۋە گۇڭشې ئەزالىرىغا تەقسىم قىلىپ بېرىشنى ئېلان قىلدى.

4 - ئاينىڭ 2 - كۈنى. گۈيجۇ ئۆلكىسى لۇدىيەن ناھىيىلىك



پارتكومى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇزىكىلىرى، چالغۇ ئەسۋابلىرى، ناخشا - ئۇسسۇللىرى ۋە گۈل توپچىسى ئىشلىتىش قاتارلىق پائالىيەتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى، مۇسادىرە قىلىنغان مىللىيچە چالغۇلارنى ئامىغا قايتۇرۇپ بېرىشنى، مۇسادىرە قىلىنغان ئاتلارنى ئېنىقلاپ، تۆلەپ بېرىشنى ئېلان قىلدى.

4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى. خۇنەن ئۆلكىسى شياڭشى تۇجيا - مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ يېنىك سانائەت تارماقلىرىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئالاھىدە ئېھتىياجلىق بويۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان 11 زاۋۇت 70 نەچچە خىل ئەنئەنىۋى ھۈنەر - سەنئەت بويۇملىرى ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈردى، ئۇ بويۇملارنىڭ رەڭ تۈرلىرى 230 خىلدىن ئاشتى.

4 - ئاينىڭ 25 - كۈنى. شىنجاڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەر ئۆرۈمچىدە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش چوڭ يىغىنى ئاچتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ «پارتىيىگە قارشى گېزىندىلەر» دېگەن نامى ئۇزۇل - كېسىل ئاقلاندى؛ ليۇشاۋۋۇ، تىيىپجان ئېلىيوف قاتارلىق يولداشلارنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى، ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى. شىنجاڭدا مىللىي ئىتتىپاقلىق، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى ساقلاش، ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ۋە بۇ ھەقتىكى ماتېرىياللارنى رەتلەش بويىچە سۆھبەت يىغىنى چاقىرىلىپ، پارتىيىنىڭ جۇڭگوچە داۋالاش ھەققىدىكى سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللىي ئىتتىپاقلىق، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوشۇنلىرىدا ئادەم يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش، شۇنىڭدەك مىللىي ئىتتىپاقلىق، دۆلەتنىڭ بىرلىكى ئىلمىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى قېزىش، رەتلەش، يۇقىرى كۆتۈرۈش، جۇڭگوچە- غەربچە داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈش يولىدا مېڭىش قاتارلىق مەسىلىلەر توغرىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىلدى.

5 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىن 6 - ئاينىڭ 7 - كۈنىگىچە. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ (كېڭەيتىلگەن) تۇنجى قېتىملىق يىغىنى تيەنجىندە ئېچىلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قۇرۇلغاندىن بۇيانقى مەملىكەت خاراكتېرلىك، تۇنجى قېتىملىق مىللەتلەر خىزمىتى كاتتا يىغىنى ھېسابلىنىدۇ.

6 - ئاينىڭ 6 - كۈنى. گۇۋۇيۈەن يۈننەن ئۆلكىسى شىشۇاڭبەننا دەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ جىڭخۇڭ ناھىيىسىدە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جىنولارنى بىر پۈتۈن ئاز سانلىق مىللەت دەپ رەسمىي ئېتىراپ قىلدى.

6 - ئايدا. 65 ياشلىق مەشھۇر ماناسچى جۇسۇپ ماماي قىرغىزلارنىڭ قەھرىمانلىق قىسسىسى «ماناس» ئېپوسىنى قېزىش ۋە رەتلەش خىزمىتىگە قايتىدىن قاتناشتى.

6 - ئايدا. مەملىكەتلىك، ئاممىۋى خاراكتېرلىك مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە تەشكىلاتى بولغان جۇڭگو مىللەتلەر تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى، جۇڭگو مىللەت نەزەرىيە تەتقىقاتى جەمئىيىتى، جۇڭگو مىللەتلەرتىل تەتقىقاتى ئىلمىي جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ كۆكخوت شەھرىدە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق ئۆلەنمۇچىر سەييارە سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى.

شۇ ئايدا. 5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2- يىغىنىدا خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مىللەتلەر كومىتېتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قارار قىلىندى؛

7 - ئاينىڭ 18 - كۈنى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ 1969 - يىل 7 - ئايدىكى ئەسلى مەمۇرىي رايونلارغا بۆلۈنۈشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن مالىيە مىنىستىرلىكى «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا بېرىلىدىغان قوشۇمچە ياردەم خىراجىتىنى باشقۇرۇش ھەققىدىكى بەلگىلىمە»نى بېسىپ تارقىتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تارقاتتى.

7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى پارتگورۇپپىسى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەنگە «ئاربىلاش ۋە تارقاق ئولتۇراقلاشقان ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدىكى دوكلات»نى يوللىدى. شۇ يىلى 10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن بۇ دوكلاتنى تەستىقلاپ تارقاتتى.

7 - ئاينىڭ 15 - كۈنى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولغان «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى. «مىللەتلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنى نەشر قىلىش ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

9 - ئاينىڭ 28 - كۈنى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىرلىك



مۇھەررىردىن: مەكىت ناھىيە قازكۆل يېزا ئوقۇتۇش رايونىدىن قالىيە ياسىن ژۇرنىلىمىزنى سۆيۈپ ئوقۇغانلىقىڭىزغا رەھمەت!

سەپ بۆلۈمى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا «يەرلىك مىللەتچىلەرنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋېتىش مەسىلىسى توغرىسىدا يوليورۇق سوراش» دوكلاتىنى يوللىدى.

9 - ئايدا. مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى خەنزۇ، موڭغۇل، زاڭزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، چاۋشيەن قاتارلىق 6 مىللەت تىلىدا «مىللىي سىياسەت ھەققىدە لېكسىيە» ئاڭلاتتى.

10 - ئاينىڭ 12 - كۈنى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ 1 - قېتىملىق خىزمەت يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى.

11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى. گوۋۇيۈەن مەملىكەتلىك پىلان يىغىنى چاقىرىپ، گۇاڭشى، يۈننەن، ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ، نىڭشيا، چىڭخەي، شىزاڭ، گۈيجۇ قاتارلىق 8 ئۆلكە (ئاپتونوم رايون)دە يەرلىك مىللىي ئاپتونوم جايلار مالىيە تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇشنى بېكىتتى.

10 - ئاينىڭ 14 - كۈنى. جۇڭگودا تۇنجى «خەنزۇچە - قازاقچە لۇغەت» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى. ئىشلىنىشتىن توختىتىلغىنىغا 19 يىل بولغان قىرغىز يېزىقى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. قىرغىزچە «قىزىلسۇ گېزىتى» ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

12 - ئاينىڭ 12 - كۈنى. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن قېزىش ۋە قۇتقۇزۇۋېلىش ئارقىلىق، موڭغۇللارنىڭ تارىخىي قىسسىسى «جاڭغىر»نىڭ يەنە 20 بابلىق 40 مىڭ مىسرا شېئىرى توپلاندى.

12 - ئاينىڭ 18 - كۈنى. شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆمۈلۈپ قېلىنغان بىرمۇنچە ئەدەبىي مىراسلىرى قېزىۋېلىندى ۋە رەتلەپ چىقىلدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇر كلاسسىك ئەسەرلىرىدىن «قۇتادغۇبىلىك»، موڭغۇللارنىڭ «جاڭغىر»داستانى ۋە قازاقلارنىڭ ئىپىك داستانى «ئارقالىق» قاتارلىق 20 نەچچە خىل ئەدەبىيات- سەنئەت ئەسەرلىرى بار.

12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى. جۇئېنلەينىڭ 1957 - يىل 8 - ئاينىڭ 4 - كۈنى چىڭداۋدا ئېچىلغان مىللەتلەر خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن «مىللىي سىياسەتكە دائىر بىرنەچچە مەسىلە» دېگەن مۇھىم سۆزى 20 نەچچە يىل بېسىپ قويۇلغاندىن كېيىن، «خەلق گېزىتى»ۋە «قىزىل بايراق» ژۇرنىلىدا ئاشكارا ئېلان قىلىندى.

## 1980 - يىل

1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى. شىنجاڭ مىللەتلەر تەتقىقاتى ئورنى ئۇيغۇرلارنىڭ كلاسسىك ئەسىرى بولغان «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە 2 خىل يېزىقتا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلدۇردى.

3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى شىزاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، بۇندىن كېيىنكى شىزاڭ قۇرۇلۇشىنىڭ فاڭجېن، ۋەزىپىلىرىنى ۋە بىر نەچچە تۈرلۈك سىياسەت مەسىلىسىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇردى ھەمدە يىغىن خاتىرىسى ھاسىل قىلدى.

3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى. نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى بىلەن يىنچۇەن شەھىرىدىكى ئالاقىدار تارماقلار خۇيزۇ خەلقىنىڭ پىكىرلىرىنى ئاڭلاپ، خۇيزۇ خەلقى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان بىر تۈركۈم ئاشخانا، ماگىزىن، زاۋۇتنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە يېڭىدىن قۇردى.

3 - ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا. گۇلەرەم خەلقئارالىق تىكتاك توپ رېيىرلىقىغا قوبۇل قىلىنىپ، دۆلىتىمىزدە ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان تۇنجى خەلقئارالىق تىكتاك توپ رېيىرى بولۇپ قالدى.

4 - ئاينىڭ 9 - كۈنى. لى ۋېيخەننىڭ «مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللىي سىياسەتكە دائىر بىرنەچچە مەسىلە» ناملىق كىتابى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى. ئىچكى موڭغۇلدا چىڭگىزخانغا تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

5 - ئاينىڭ 18 - كۈنى. شىنجاڭ تەڭرىتاغ يۇڭ توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرى چەكلىك شىركىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى رەسمىي جاكارلاندى. بۇ شىركەت مەملىكىتىمىزدە «جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلار قانۇنى» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، دۆلەت تۇنجى تۈركۈمدە تەستىقلىغان جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ بىرىدۇر. شۇنداقلا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى بىرىنچى قېتىم قۇرۇلغان جۇڭگو- چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانا ۋە مەملىكىتىمىز توقۇمىچىلىق سانائىتىدىكى تۇنجى جۇڭگو - چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى كارخانا ھېسابلىنىدۇ.

6 - ئاينىڭ 17 - كۈنى. مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك دۇنيا مىللەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.

6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى. مائارىپ مىنىستىرلىكى پۈتۈن مەملىكەتتىكى بىر قىسىم نۇقتىلىق ئالىي مەكتەپلەردە ئاز سانلىق



مۇھەررىردىن: تولسۇن ئاھىيە لىلاللىق يېزا باشلانغۇچ مەكتىپتىن لەخمەتجان تاشتۆمۇر ژۇرنىلىمىزغا ئۇزۇللۇرمەي ئەسەر ئەۋەتكەنلىكىڭىزگە رەھمەت!

مىللەت سىنىپلىرىنى سىناق تەرىقىسىدە ئېچىش ھەققىدە «ئېلان» چىقىرىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئىختىساسلىق خادىملارنى تېخىمۇ ياخشى يېتىشتۈرۈپ بېرىش ئۈچۈن، 1980 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى بىر قىسىم ئالىي مەكتەپلەردە پىلانلىق، ئوقتىلىق ھالدا مىللىي سىنىپ ئېچىش قارار قىلىندى. بۇندىن كېيىن ئەھۋالغا قاراپ قەدەممۇ ـ قەدەم كېڭەيتىلىدۇ.

7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىكتە بېيجىڭدا مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيەت يىغىنى چاقىردى.

7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى. مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ «ئاز سانلىق مىللەتلەر ئارىسىدىكى يۇقىرى قاتلام ۋەتەنپەرۋەر زاتلار بىلەن بولغان بىرلىك سەپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكرى»نى تەستىقلىدى.

7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى. ئىچكى موڭغۇل تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «ئانا» ناملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرىنى تۇنجى قېتىم موڭغۇلچە ئىشلەپ چىقتى.

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى. بېيجىڭ شەھىرىنىڭ شىدەن تۈرلۈكماللار ماگىزىنىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن كۈندىلىك ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ساتىدىغان مەخسۇس پوكەي تەسىس قىلىنىپ تىجارەت باشلىدى.

8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى. تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مىللەت نەزەرىيىسى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بېيجىڭدا چاقىرىلدى.

8 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى. شىنجاڭدا چوڭ تىپتىكى ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى ــ «12 مۇقام»نى رەتلەش، تەتقىق قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى.

9 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى بىلەن دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىكتە تەشكىللىگەن مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر سەنئەت كۆرىكى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى. 55 ئاز سانلىق مىللەت ئارىسىدىن چىققان كەسپىي سەنئەتچىلەر بىلەن ئىشتىن سىرتقى سەنئەتچىلەر بۇ قېتىمقى كۆرەككە قاتناشتى. لياۋنىڭ ئۆلكىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكى مانجۇچە ئۇسسۇلنى تۇنجى قېتىم مەملىكىتىمىزنىڭ سەنئەت سەھنىسىگە ئېلىپ چىقتى.

10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن مائارىپ مىنىستىرلىكى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەنگە «مىللىي مائارىپ خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىر»نى يوللىدى. 10 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى بىلەن گوۋۇيۈەن بۇ دوكلاتنى تەستىقلىدى.

10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە. تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك مىللەتشۇناسلىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى گۈيياڭدا ئۆتكۈزۈلۈپ، جۇڭگو مىللەتشۇناسلىق تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 20 ـ كۈنىگىچە. غەربىي شىمالدىكى 5 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون بىرلىكتە دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق ئىسلام دىنى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىپ، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دۇنيادىكى دىنلارنى تەتقىق قىلىش ئورنىنىڭ «جۇڭگو ئىسلامشۇناسلىق تەتقىقات جەمئىيىتى»نى قۇرۇشقا پائال تەييارلىق كۆرۈشكە تەكلىپ بەردى.

11 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى. شىنجاڭدا ئاز سانلىق مىللەتلەر قوللىنىپ ئادەتلەنگەن 300 دىن ئارتۇق كۆكتىپ ۋە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى. گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى ئوقتىلىق 12 ئوتتۇرا مەكتەپتە ئاز سانلىق مىللەت سىنىپى ئاچتى. ئوقۇتۇشتىن توختىتىپ قويۇلغىنىغا 15 يىل بولغان جۇاڭزۇچە مەكتەپ قايتىدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىلەن دۆلەتلىك نەشرىيات ئىدارىسى بېيجىڭدا مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى كىتابلارنى نەشر قىلىش خىزمىتى بويىچە سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ، ئىچكى موڭغۇل، شىنجاڭ ۋە شىزاڭدا موڭغۇل، ئۇيغۇر ۋە زاڭزۇ تىل ـ يېزىقىدىكى مەخسۇس نەشرىياتلارنى قۇرۇشنى قارار قىلدى.

12 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى. مىللەت تەركىبى ئەڭ كۆپ، تېما بىر قەدەر كەڭ، ژانىرلىرىمۇ بىر قەدەر تولۇقراق بولغان ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي تاللانما ئەسەر ــ «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن تاللانما»نى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى قاتارلىق 20 نەچچە ئورۇن تاللاپ تۈزۈپ چىقىپ، شائىرلار ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتى قىسمىغا بۆلۈپ، ئارقا ـ ئارقىدىن نەشر قىلىشقا باشلىدى.

## 1981 ـ يىل

1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى. قازاق مىللىتىدىن چىققان ئىشتىن سىرتقى يازغۇچى ئالىمجان قاتباي ئىجاد قىلغان مەملىكىتىمىز بويىچە تۇنجى قازاقچە كىنو سىنارىيىسى ــ «قىز قەبرىسى» دۇنياغا كەلدى.

2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى. ئاز سانلىق مىللەتلەرگە ئائىت مەملىكەت خاراكتېرلىك ئەدەبىي ژۇرنال «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) بېيجىڭدا نەشر قىلىندى.

4 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى. جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى ئەدەبىيات

ETHNIC UNITY

مۇھەررىردىن: مارالبېشى ناھىيە سېرىقبۇيا شاكىلاۋات باشلانغۇچ مەكتەپتىن تاھىرجان ياسىن ژۇرنىلىمىزغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭىزگە رەھمەت!

سېمىنارىيىسى دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىي ئىجادىيەت كۇرسى تەسىس قىلدى.

4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تۇنجى ئاز سانلىق مىللەتلەر كەسپىي ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى ئۇيۇشتۇردى.

5 - ئاينىڭ باشلىرى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىملىق «مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر كىيىم- كېچەك كۆرگەزمىسى» بېيجىڭدا ئېچىلدى. 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ 1200 دىن ئارتۇق كىيىم - كېچەكى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئۆرپ- ئادىتىگە ئائىت بىر قىسىم سۈرەتلەرمۇ كۆرگەزمىگە قويۇلدى.

5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئىلىم كومىتېتى بېيجىڭدا 1 - قېتىملىق يىغىنىنى چاقىرىپ، ھەرقايسى مىللەتلەر ئىنستىتۇتلىرىدىكى باكالاۋرلىق، ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئالىدىغانلارغا ئۇنۋان بېرىدىغان نۇقتىلارنى دەسلەپكى قەدەمدە تەكشۈرۈپ بېكىتتى.

5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ۋە سودا مىنىستىرلىكى قاتارلىق 11 تارماق بىرلىشىپ مەملىكەتلىك مىللىي سودا خىزمىتى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى.

6 - ئايدا. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى مىللىي مەسىلىگە دائىر 5 يۈرۈش مەجمۇئە يېزىش ھەيئىتى تەشكىللەپ تۈزۈپ چىققان «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر» ناملىق كىتاب نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. بۇ كىتاب بىلىمچانلىقى كۈچلۈك، ئاممىباب كىتاب بولۇپ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان ئاشكارا تارقىتىلغان، جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇلغان تۇنجى كىتاب ھېسابلىنىدۇ.

7 - ئاينىڭ 6 - كۈنى. خۇياۋباڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ 109 - قېتىملىق يىغىنى چاقىرىلىپ، شىنجاڭ خىزمىتى مەسىلىسى يەنە بىر قېتىم مۇزاكىرە قىلىندى.

7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى. خۇياۋباڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ 111 - قېتىملىق يىغىنى چاقىرىلىپ، «مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىنىڭ خىزمىتىنى مۇزاكىرە قىلىش خاتىرىسى» تەييارلاندى.

8 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىن 19 - كۈنىگىچە. دېڭ شياۋپىڭ، ۋاڭ جېن، ۋاڭ رېنجۇڭلار شىنجاڭدا خىزمەتلەرنى كۆزدىن كۆچۈردى.

8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى. مالىيە مىنىستىرلىكى «3 جەھەتتە ئېتىبار بېرىلىدىغان» رايونلاردىكى ئاساسىي قاتلام تەمىنات - سودا كوپىراتىپلىرى ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىدىغان قول سانائەت كارخانىلىرىدىن ئېلىنىدىغان تاپاۋەت بېجىنى مۇددەت بويىچە ئازايتىپ ئېتىبار بېرىشكە دائىر مەسىلىلەر توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تارقاتتى.

8 - ئاينىڭ 17 - كۈنى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا موڭغۇللارنىڭ قەھرىمانلىق تارىخىي قىسسىسى «جاڭغىر»نى ئېيتىش كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى.

9 - ئاينىڭ 18 - كۈنى. قىرغىزچە «شىنجاڭ قىرغىز ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ تۇنجى سانى نەشر قىلىندى.

10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى. مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى خەنزۇ تىلىدا «مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسى» دېگەن تېمىدا مەخسۇس پروگرامما ئاڭلىتىشقا باشلىدى.

11 - ئاينىڭ 28 - كۈنى. گوۋۇيۈەن نوپۇسنى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى، جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىكتە «مىللەت تەركىبىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ياكى ئۆزگەرتىش پرىنسىپلىرى» توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تارقىتىپ، بىر تەرەپ قىلىشنىڭ 10 تۈرلۈك چارىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

12 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە. جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىش جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك يىللىق يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى.

12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى. مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت ئەسەرلىرىنى باھالاپ مۇكاپاتلاش چوڭ يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى.

## 1982 - يىل

1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، جۇڭگو گۈزەل سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن تۇنجى نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى كۆرگەزمىسى بېيجىڭ مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىدا ئۆتكۈزۈلدى.

1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى. مەملىكىتىمىزدە داغۇرلار تەسۋىرلەنگەن تۇنجى كىنو فىلىمى — «ئاۋلىي يىلەن» ئىچكى موڭغۇل خۇمېڭ كىنو شىركىتى تەرىپىدىن داغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىندى.

1 - ئاينىڭ 6 - كۈنى. قايتىدىن قۇرۇلغان گۈيجۇ مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا تۇنجى نۆۋەتلىك ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

3 - ئاينىڭ 31 - كۈنى. چىڭخەي ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىنستىتۇتى تەربىيىلىگەن تۇنجى تۇركۇمدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئاسپىرانتلىرى ئوقۇش پۈتتۈردى.



چاقماق خەۋەر: رىشت ھېزىم «يۇقىرى قان بېسىمى كېسەللىكىدىن ئەندىشە قىلغۇچىلارغا مەسلىھەت» دېگەن ماقالىسى كېيىنكى سان ژۇرنىلىمىزدا چىقىدۇ.

6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى. شىنجاڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئۇنىۋېرسىتېتى تۈنجى تۈركۈمدە ئۇيغۇر تىلىدا دەرس ئاڭلايدىغان ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلدى.

7 - ئاينىڭ 28 - كۈنى. مەملىكىتىمىزدىكى داڭلىق سوتسىئولوگ فېي شياۋتۇڭ كۆكخوتتا ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت كادىرلىرىغا ۋە مەدەنىيەت، مائارىپ، پەن - تېخنىكا ساھەسىدىكى خىزمەتچىلەرگە «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدىكى بىرقانچە مەسىلە» دېگەن تېمىدا ئىلمىي دوكلات بەردى.

8 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە. خۇياۋباڭ ئىچكى موڭغۇلنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىچكى موڭغۇلدا بىپايان، گۈزەل يايلاقلار بار، بۇ خىل بايلىق مەنبەسى ئۈستۈنلۈكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇنغا كۆتۈرۈپ، كەسىپلەر بويىچە ھۆددىگەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى دادىللىق بىلەن يولغا قويۇش لازىم.

پايتەخت مىللەتلەر مەدەنىيەت سارىيىدا تۈنجى قېتىم مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئېھتىياجلىق بۇيۇملار، يېنىك سانائەت، توقۇمىچىلىق مەھسۇلاتلىرى، جۇڭگوچە دورا ماتېرىياللىرى يەرمەنكىسى ئۆتكۈزۈلدى.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 12- قۇرۇلتىيى بېيجىڭدا ئېچىلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەردىن كېلىپ چىققان 14 كىشى مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزالىقىغا، 5 كىشى مەركىزىي مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا، 9 كىشى مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى، ۋېي گوچىڭ (جۇاڭزۇ)، ۋۇلەنفۇ (موڭغۇل)لار مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزالىقىغا سايلاندى.

9 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن 8 - كۈنىگىچە. مەملىكەتلىك تۈنجى قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنى كۆكخوتتا ئۆتكۈزۈلدى. 55 ئاز سانلىق مىللەت ئارىسىدىن كەلگەن 800 نەپەر تەنھەرىكەتچى مۇسابىقىگە قاتناشتى ۋە ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى كۆرسەتتى.

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى. دۆلەت پىلان كومىتېتى بىلەن دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى يېنچۈەندە ئىقتىسادى تەرەققىي قىلغان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا سىستېمىلار بويىچە ياردەم بېرىش ۋە ئىقتىسادىي تېخنىكا ھەمكارلىق سۆھبەت يىغىنىنى چاقىردى.

10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى. دۆلەت ستاتىستىكا ئىدارىسى 3- قېتىم ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە جوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نوپۇسى 67 مىليون 233 مىڭ 254 بولۇپ، مەملىكەت ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 6.7 پىرسەنتىنى ئىگىلىدى.

10 - ئاينىڭ 28 - كۈنى. مەملىكەتلىك چارۋىچىلىق، ئاۋلىق رايونلاردىكى ياتاقلىق مىللىي ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى غۇلجىدا ئاخىرلاشتى.

12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى. مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىنى كۈنمىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.

12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى. مەملىكەتلىك تۈنجى قېتىملىق مىللىي تېبابەتچىلىك، دورىگەرلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى يۈجيڭخۇڭدا ئۆتكۈزۈلدى.

## 1983 - يىل

1 - ئاينىڭ 25 - كۈنى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى «تەشۋىقات خەۋەرلىرىدە ۋە ئەدەبىيات- سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش»نى تارقاتتى.

2 - ئاينىڭ 20 - كۈنى. مەركىزىي كومىتېت بىرلىك سەپ بۆلۈمى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى قاتارلىق ئورۇنلار دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلارنىڭ چېگرا رايونلار ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئۆز ئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىش يىغىنى چاقىرىپ، دەسلەپكى قەدەمدە «چېگرا رايونلارغا ئەقلىي جەھەتتىن ياردەم بېرىش» كېلىشىمى ھاسىل قىلدى.

5 - ئاينىڭ 1 - كۈنى. مەملىكەت بويىچە دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈلگەن 13 ئالىي مەكتەپ شۇ يىلدىن باشلاپ شىنجاڭ ئۈچۈن داۋاملىق مىللىي سىنىپ ئېچىشنى قارار قىلدى.

5 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىن 14 - كۈنىگىچە. سەھىيە مىنىستىرلىكى بىلەن دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىكتە بېيجىڭدا مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر سەھىيە خىزمىتى يىغىنىنى چاقىردى.

5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى. شىزاڭ ئاپتونوم رايونىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا مۇنداق قارار بەلگىلەنگەن: «بۇ يىلدىن باشلاپ شىزاڭدا ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بېرىدىغانلار خەنزۇچە ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردىن باشقا پەنلەرنىڭ ھەممىسىدە زاڭزۇچە يېزىقتا ئىمتىھان بەرسە بولىدۇ؛ ئىمتىھان بېرىدىغان ئوقۇغۇچىلارغا ياش جەھەتتىن مۇۋاپىق ئېتىبار بېرىلىدۇ؛ ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىمتىھان بېرىشكە كېتىدىغان بارلىق يول خىراجىتىگە دۆلەت ياردەم بېرىدۇ».

6 - ئاينىڭ 4 - كۈنى. مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى

6 ـ نويابىرنىڭ كومىتېتىنىڭ 1 ـ يىغىنى بېيجىڭدا چاقىرىلدى، ياڭ جىڭرېن (خۇيزۇ)، پابالا. گېلىيلاگېجىي (زاڭزۇ)، بۇرھان شەھىدى مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلاندى.

6 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى. 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ يىغىنى بېيجىڭدا چاقىرىلدى. ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىدىن ۋېي گوچىڭ (جۇاڭزۇ)، ئاپېي. ئاۋاڭجىنمېي، بەنچەن ئېردىنى. چۆججەنزەن (زاڭزۇ)، سەيپىدىن ئەزىزىلەر مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا سايلاندى.

7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى. ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جەنۇبىي شىنجاڭدا 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم يىغىلىدىغان 20 دىن ئارتۇق چوڭ بازار بارلىققا كەلدى، ئۇنىڭ ئىچىدە 100 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم يىغىلىدىغان پەيزاۋاتتىكى چوڭ بازار 4 كە يەتتى.

8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى. مەملىكىتىمىزدە قىرغىز خەلقىنىڭ تۇرمۇشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن «مۇز تاغ ئېتىكىدە» ناملىق تۇنجى رەڭلىك ھېكايە فىلىم تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى تەرىپىدىن سۈرەتكە ئېلىندى.

9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى. جۇڭگودا 1 ـ قېتىم ئىشلەنگەن مىللەتلەرنىڭ تەن ساغلاملىقىنى تەكشۈرۈش توغرىسىدىكى مەخسۇس توپلام — «جۇڭگودىكى 8 مىللەتنىڭ تەن ساغلاملىقىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى. شىنجاڭ 1 ـ ئاۋغۇست يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى چارۋىچىلىق فاكۇلتېتى يايلاق كەسپىدىكى ئاسپىرانت قۇربان نىزامىدىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە يايلاق كەسپىدىكى تۇنجى ئاسپىرانت بولۇپ باھالاندى.

10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى. مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئائىت ماقالىلە قوبۇل قىلىش پائالىيىتى بويىچە تەقدىرلەش يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.

10 ـ ئايدا. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى «قېرىنداش مىللەتلەر» ناملىق مەخسۇس پروگرامما ئېچىپ، مەملىكىتىمىزدىكى 55 ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرىنى سىستېمىلىق تونۇشتۇردى.

12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى. مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇش يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى.

12 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى. گوۋۇيۈەن مىللىي يېزا قۇرۇش مەسىلىسى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقانلىكى يېزا دەرىجىلىك جايلاردا مىللىي يېزا قۇرۇش كېرەك، دەپ تەلەپ قىلدى.

ئىچكى موڭغۇلدىكى ئىرگۇنا ئوڭ خوشۇنىدا دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى 964 يۈەنگە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالدى.

## 1984 ـ يىل

1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى. جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى يەرمەنكىسى شياڭگاڭدا ئېچىلدى. شىنجاڭ، يۈننەن، ئىچكى موڭغۇل، گۈيجۇ قاتارلىق جايلارنىڭ ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى جۈملىدىن مىللىيچە كەشتە بۇيۇملار، مۇم بىلەن گۈل بېسىپ ئىشلەنگەن بۇيۇملار ۋە مىللىيچە كىيىم ـ كېچەكلەر، قازاق چارۋىچىلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرى يەرمەنكىگە قويۇلدى.

4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى. گوۋۇيۈەن دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمىي ئەسەرلىرىنى قۇتقۇزۇش، رەتلەش توغرىسىدىكى يوليورۇق سوراش دوكلاتىنى تەستىقلىدى.

شۇ ئايدا. دۆلىتىمىزدە تۇنجى قېتىم مالچىنخۇ، لى چياۋ، شاكەن، يىشى دىنزېڭ قاتارلىق تۆمەك ئەزالىرى ئاساس قىلىنغان جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلار ۋەكىللەر ئۆمىكىنى يۇگوسلاۋىيە، رومىنىيەلەرگە ئېكىسكۇرسىيىگە ئەۋەتتى.

5 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى. 6 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2 ـ يىغىنى بېيجىڭدا چاقىرىلدى. 22 ـ كۈنى ئاپېي. ئاۋاڭجىنمېي قۇرۇلتايدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى (لايىھە) توغرىسىدا ئىزاھات» بەردى. 31 ـ كۈنى، قۇرۇلتاي «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى»نى ماقۇللىدى. شۇ كۈنى، دۆلەت رەئىسى لى شيەننيەن بۇ ئاپتونومىيە قانۇنىنى ئېلان قىلىش ۋە 1984 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردى.

شۇ ئايدا. ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر كلاسسىك داستانى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى نۇسخىسى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى. ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمىتى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۈلگىلەرنى تەقدىرلەش پائالىيىتى ئېيى»نى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ، شۇ يىلدىن باشلاپ ھەر يىلى 9 ـ ئاينى «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە ئۈلگىلەرنى تەقدىرلەش پائالىيىتى ئېيى» قىلىشنى قارار قىلدى.

7 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى. مەملىكىتىمىزدىكى تۇنجى ئاز سانلىق مىللەتلەر دورىلار تەزكىرىسى — «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر دورىلار تەزكىرىسى»نىڭ 1 ـ قىسمى خەلق سەھىيە نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

شۇ ئايدا. جۇاڭزۇ مىللىتىدىن چىققان گىمناستىكا تەنھەرىكەتچىسى لى نىڭ پۈتۈن دۇنيا كۆز تىككەن، لوس ـ ئانژېلىس شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 23 ـ نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 3 ئالتۇن مېدال، 2 كۈمۈش مېدال، 1 مىس مېدال ئېلىپ، دۇنيا بويىچە ئەڭ كۆپ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تەنھەرىكەتچى بولۇپ قالدى.

ETHNIC UNITY

10 - ئاينىڭ 7 - كۈنى. مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى ئۇچۇرلارنى ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلىش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى كۆكخوتتا ئېچىلدى.

10 - ئاينىڭ 29 - كۈنى. مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى خىزمىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى.

## 1985 - يىل

7 - ئاينىڭ 22 - كۈنى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە چاقىرىلغان مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر مەدەنىيەت مىراسلىرىنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى بويىچە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش يىغىنى شىنىڭدا ئېچىلدى.

9 - ئاينىڭ 17 - كۈنى. گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى ئارقىلىق بېگلۇڭ مىللىتىنىڭ نامى دېئاڭ مىللىتىگە ئۆزگەرتىلدى.

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى. سەھىيە مىنىستىرلىكى، مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى زۇنيىدا «ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئانا - بالىلارنىڭ سەھىيە ئىشلىرى توغرىسىدىكى 7 - بەش يىللىق پىلانىنى قاراپ چىقتى.

12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمىي ئەسەرلىرىنى رەتلەش خىزمىتى يىغىنى چاقىردى.

## 1986 - يىل

1 - ئاينىڭ 23 - كۈنى. گوۋۇيۈەن «يەرناملىرىنى باشقۇرۇش نىزامى»نى ئېلان قىلدى، ئۇنىڭ 5 - ماددىسىدا مۇنداق بەلگىلەنگەن: «ئومۇمەن دۆلىتىمىزنىڭ تېررىتورىيىلىك ئىگىلىك ھوقۇقىغا ۋە مىللىي غۇرۇرىغا دەخلى-تەرۇز قىلىدىغان، مىللىي كەمسىتىش خاراكتېرىنى ئالغان ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان... يەر ناملىرىنى چوقۇم ئۆزگەرتىش كېرەك.»

2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى. خۇياۋباڭ باشچىلىقىدىكى مەركىزىي كومىتېت ئورگىنى قارىمىقىدىكى 27 تارماقتا ئىشلەۋاتقان 30 نەپەر ھەر دەرىجىلىك كادىردىن تەشكىل قىلىنغان تەكشۈرۈش، زىيارەت قىلىش گۇرۇپپىسى بېيجىڭدىن يولىنىپ، گۇاڭشى ۋە گۈيجۇ قاتارلىق ئۆلكە ۋە ئاپتونوم رايونلاردىكى نامرات رايونلارغا بېرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى.

2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى «دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مىللەتلەرنىڭ تەركىبىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ياكى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى قوشۇمچە ئۇقتۇرۇشى»نى تارقاتتى. ئۇنىڭدا مەملىكىتىمىزدە مىللەتلەرنىڭ تەركىبىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ياكى ئۆزگەرتىش خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىنىپ بولدى، دەپ كۆرسىتىلدى.

3 - ئاينىڭ 19 - كۈنى. 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 15 - سانلىق يىغىنىدا «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەجبۇرىي مائارىپ قانۇنى» ماقۇللاندى. بۇ قانۇننىڭ 33 - ماددىسىدا: «دۆلەت مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا كان بايلىقلىرىنى قازغاندا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئېتىبار بېرىشى كېرەك... مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئاپتونومىيە ئورگانلىرى قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ۋە بىر تۇتاش پىلانغا ئاساسەن، شۇ جايدا قېزىشقا بولىدىغان كان مەھسۇلاتلىرى بايلىقلىرىنى ئالدى بىلەن مۇۋاپىق ھالدا قازسا ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق ھالدا پايدىلانسا بولىدۇ» دەپ بەلگىلەندى.

شۇ ئايدا. شىنجاڭ ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى شىنجاڭدىكى 4 ناھىيىدە 8 مىللىي يېزىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىچىدە 5 مىنبالار يېزىسىنىڭ، 2 لوبالار يېزىسىنىڭ، بىر ناشىلار يېزىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى.

5 - ئايدا. مەملىكىتىمىزدىكى خېجى مىللىتى تەسۋىرلەنگەن «خېجىلارنىڭ توي مۇراسىمى» ناملىق تۇنجى تېلېۋىزىيە تىياتىرى قويۇلدى.

6 - ئايدا. «جۇڭگو قامۇسىنىڭ مىللەت جىلدى» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى.

6 - ئايدا. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ خەۋەر پروگراممىسى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت پروگراممىسى سۈنئىي ھەمرا ئارقىلىق تارقىتىلىشقا باشلىدى، بۇ پروگراممىلارنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ۋە ئاسىيا، تىنچ ئوكيان رايونلىرىدا كۆرگىلى بولىدىغان بولدى.

5 - ئايدا. ج ك پ قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە پوسكام ناھىيىسىگە تۇنجى بولۇپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ناھىيە دەپ نام بەردى.

8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى. مەملىكەتلىك تۇنجى نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر تېمىسىدىكى تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىنى، تېلېۋىزىيە سەنئەت فىلىملىرىنى باھالاپ «تۇلپار مۇكاپاتى» بىلەن مۇكاپاتلاش چوڭ يىغىنى ئىچكى موڭغۇلنىڭ كۆكخوت شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى باھالاش، مۇكاپاتلاش پائالىيىتىنى دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، جۇڭگو ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، جۇڭگو سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزدى.

12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى. 6 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 18 - سانلىق يىغىنىدا، 1979 - يىلى ماقۇللانغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ سايلام قانۇنى»غا 2 - قېتىم تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى. ئۇنىڭ 4 - بابىدىكى «ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرىنى سايلاشتا» ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جايلاردىكى، ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى، مىللىي يېزا، بازارلاردىكى ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىللىرى ئىگىلەيدىغان

ETHNIC UNITY

نوپۇس نىسبىتىگىمۇ تۈزىتىش كىرگۈزۈلدى.

12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ رەسىملەر توپلىمى» تولۇق نەشىردىن چىقىپ بولدى.

## 1987 - يىل

1 - ئاينىڭ 20 - كۈنى. مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىيات - سەنئەت تەتقىقات ئورنى تۈزگەن «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ چالغۇلىرى تەزكىرىسى» نەشىردىن چىقتى. مەزكۇر كىتاب مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۇنجى مىللىي چۆزىكا تەزكىرىسى ھەققىدىكى كىتابى ھېسابلىنىدۇ.

4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى. «شىزاڭنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىش فوندى جەمئىيىتى» قۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈش ھەيئىتى بېيجىڭدا رەسمىي قۇرۇلدى. بەنچەن ئېردەنى. چۆجىجەنزەن، ئاپېي. ئاۋاڭجىگمېيلار مۇدىر بولۇپ سايلاندى.

6 - ئاينىڭ 13 - كۈنى. گوۋۇيۈەن «مەملىكەتلىك چارۋىچىلىق رايونلىرى خىزمىتى يىغىنىنىڭ خاتىرىسى»نى تەستىقلاپ تارقىتىپ، چارۋىچىلىق رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا دائىر 10 تۈرلۈك مۇھىم نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شۇ ئايدا. سىرغازىغا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تەرىپىدىن دوتسېنتلىق ئۇنۋانى بېرىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ، مەملىكىتىمىزدىكى قازاقلار ئىچىدە ئىقتىسادشۇناسلىق پەنى بويىچە تۇنجى يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالغۇچى بولۇپ قالدى.

7 - ئايدا. «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ موڭغۇلچىسى نەشىر قىلىنىشقا باشلىدى.

8 - ئاينىڭ 9 - كۈنى. يۈننەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مىللەتلەرنى پەرق ئېتىش ۋە كەڭ كۇسوڭلارنىڭ ئارزۇسىنى كۆزدە تۇتۇپ، كۇسوڭلارنى لاخۇ مىللىتىنىڭ تارمىقى دەپ بېكىتىپ، پۈتۈن ئۆلكىدىكى 30 مىڭدىن ئارتۇق كۇسوڭلارنىڭ لاخۇ مىللىتى دېگەن نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى.

شى جۇن يازغان «مىللەتلەرگە ئائىت قانۇنچىلىق تەتقىقاتى» دېگەن كىتاب نەشر قىلىندى، بۇ مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەرگە ئائىت قانۇنچىلىق توغرىسىدىكى تۇنجى مەخسۇس ئەسەردۇر.

9 - ئاينىڭ 1 - كۈنى. بېيجىڭدىكى تۇنجى شىزاڭ ئوتتۇرا مەكتىپى ئوقۇش باشلىدى.

9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى. مەملىكەتلىك ئاياللار بىرلەشمىسى، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بىرلىكتە چاقىرغان مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدىكى ئاياللار خىزمىتى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.

10 - ئاينىڭ 25 - كۈنى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 13 - قۇرۇلتىيى بېيجىڭدا ئېچىلدى. بۇ قۇرۇلتايدا سايلاپ چىقىلغان مەركىزىي كومىتېتنىڭ 175 نەپەر پىگى ئەزاسى ئىچىدە 16 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت ئەزاسى؛ مەركىزىي كومىتېتنىڭ 110 نەپەر كاندىدات ئەزاسى ئىچىدە 16 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت ئەزاسى؛ يېڭىدىن سايلاپ چىقىلغان مەركىزىي مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ 200 نەپەر ئەزاسى ئىچىدە 7 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت ئەزاسى بار؛ مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 69 نەپەر ئەزاسى ئىچىدە 8 نەپەر ئاز سانلىق مىللەت ئەزاسى بار.

11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى. مەملىكەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى نەنىڭدا چاقىرىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسى مۇھاكىمە قىلىندى.

12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى. دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان، 27 ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مەسئۇللىرى قاتناشتۇرۇلغان ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي خىزمىتىنى تەكشۈرۈش سۆھبەت يىغىنى فۇجۇدا ئېچىلدى. «مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ تۆۋەنرەك قاتلىمىدا تۇرماقتا. شۇڭا، دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەردە، چوقۇم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ تاۋار ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى لازىم» دەپ كۆرسىتىلدى.

12 - ئاينىڭ 19 - كۈنى. ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن خەيىنەن لىزۇ - مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى، باۋتىڭ، چيۇجۇڭ 2 لىزۇ، مياۋزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى ۋە بەيشا، لىڭشۇي، چاڭجياڭ، لېدوڭ، دوڭخاڭ قاتارلىق 5 لىزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى قۇرۇشنى، سەنيا شەھىرىنى ۋىلايەت دەرىجىلىك شەھەر قىلىشنى، مياۋزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان ناھىيىدىن تۆۋەن رايونلاردا مياۋزۇلار يېزىسى قۇرۇشنى، ئەسلىدىكى ئاپتونوم ئوبلاست قارمىقىدىكى شەھەر، ناھىيىلەرنى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىغا بېرىلىدىغان تۈرلۈك ئېتىبار بېرىش سىياسەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىشنى قارار قىلدى.

(سامساق سادىق تەرجىمە قىلدى)

ETHNIC UNITY

# مەدەنىيەت جەھەتتىكى نامراتلىق ۋە ئىقتىسادىي نامراتلىق توغرىسىدا

ئابدۇۋەلى ھېمىت

***د**ېگى ـ تەكشىلىك ئېيتقاندا، نامراتلىق ماددىي نامراتلىق ئاستىغا يوشۇرۇنغان مەدەنىيەت جەھەتتىكى نامراتلىقتۇر.*

*مەركىزىي شەھەرلەردىن يىراق بولغان بەزى چەت، نامرات رايونلاردا مەدەنىيەت جەھەتتىكى كونا كۆز قاراش ۋە بەزىبىر ناچار ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئۆز يېتى ساقلىنىپ، بۇ جايلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا قاراپ مېڭىشىغا توسالغۇ بولماقتا.*

نامراتلىق، يۈزەلا قارىغاندا، ئىقتىسادىي نامراتلىق مەسىلىسى بولۇپ كۆرۈنىدۇ، ئۇ ئادەتتە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىم ۋە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق مىقدارى قاتارلىق ماددىي ئۆلچەملەر بىلەن ئۆلچىنىدۇ. نامراتلىق نامرات ئاھالىلەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ يېتەرسىزلىكى، ئۆيلىرىنىڭ ناچارلىقى قاتارلىق ماددىي ھادىسىدەك كۆرۈنىسىمۇ، ئېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا نامراتلىق ماددىي نامراتلىق ئاستىغا يوشۇرۇنغان مەدەنىيەت جەھەتتىكى نامراتلىقتۇر.

مەدەنىيەت ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ياراتقان ماددىي بايلىق ۋە مەنىۋى بايلىقلارنىڭ يىغىندىسى بولۇپ، ئۇ ئورتاقلىققا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە يەنە مىللىيلىققىمۇ ئىگە. ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا تەسىر كۆرسىتىدىغان ھەر خىل ئامىللار ئىچىدە مەدەنىيەت سەل قاراشقا بولمايدىغان ئەڭ مۇھىم ئامىل، شۇنداقلا ئالاھىدە بىر خىل ئامىل. مەدەنىيەتنى يەنە يوشۇرۇن مەدەنىيەت ۋە ئاشكارا مەدەنىيەت دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ، يوشۇرۇن مەدەنىيەت كىشىلەرنىڭ چوڭقۇر روھىي دۇنياسىغا سىڭگەن پەلسەپىۋى ئىدىيىسى، دىنىي ئېتىقادى، قىممەت قارىشى، ئەخلاق قارىشى ۋە پسىخىكىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئاشكارا مەدەنىيەت بولسا ھەر خىل ھەرىكەت شەكلىدە ئىپادىلىنىدىغان قانۇن ـ تۈزۈم، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، يەن ـ تېخنىكا، ئۆرپ ـ ئادەت، ئائىلە ۋە جەمئىيەت تەشكىلى، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ. مەدەنىيەت ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا نىسبەتەن مۇئەييەن دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرۈش ياكى توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۈگۈنكى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا ماسلاشقان مەدەنىيەت جەمئىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىش رولىنى ئوينايدۇ. مەدەنىيەت بولسا مۇئەييەن ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ مەھسۇلى ۋە ئىنكاسى بولۇپ، ئۇ ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن شۇنىڭغا ماسلىشىدۇ. ئەگەر ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى بولمىسا مەدەنىيەتمۇ مەۋجۇت بولمايدۇ. قانداق ئىقتىسادىي پائالىيەت بولسا شۇنداق مەدەنىيەت بولىدۇ، ئۆز نۆۋىتىدە مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىشى يەنە ئىقتىسادنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ناتورال يېزا ئىگىلىك ئىقتىسادى يېكىنمە يېزا مەدەنىيىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولسا، يېقىنقى زامان سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تاۋار ئىگىلىكى شۇنىڭغا ماس ھالدىكى شەھەر مەدەنىيىتىنى بارلىققا كەلتۈردى. ماددىي ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋاستە، ئاخىرقى مەقسەت ئادەمنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تەرەققىياتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇڭا بۈگۈنكى جەمئىيىتىمىزدە ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىلەن مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بارغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي سىجىل تەرەققىيات يولىدا ماڭغىلى بولىدۇ.

يەن ـ تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، بازار ئىگىلىكى ئومۇمىيۈزلۈك يولغا قويۇلۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، زامانىۋى مەدەنىيەت بىلەن مىللىي ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئۆز ئارا ئۇچرىشىشى نەتىجىسىدە كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسى، دۇنيا قارىشى ئۈزلۈكسىز ئۆزگەرمەكتە ۋە يېڭىلانماقتا. لېكىن سىرتقى ئالاقە ئىشلىرى ئانچە تەرەققىي قىلمىغان، قاتناش قولايسىز، مەركىزىي شەھەرلەردىن يىراق بولغان بەزى چەت، نامرات رايونلاردا مەدەنىيەت جەھەتتىكى كونا كۆز قاراش ۋە بەزىبىر ناچار ئۆرپ ـ ئادەتلەر ئۆز پېتى ساقلىنىپ بۇ رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا قاراپ مېڭىشىغا توسالغۇ بولماقتا. ٢.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا 1995 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى دۆلەت بەلگىلىگەن 530 يۈەنلىك تۇيۇنۇش ئۆلچىمى بويىچە ھېسابلىغاندا،



قەلب چىرىغى: خىزمەت كاللۋا ئادەمنى ئەقىللىق، ئەقىللىق ئادەمنى پاراسەتلىك، پاراسەتلىك ئادەمنى ئەمگەن قىلالايدۇ. — لۇسلى

يىللىق كىرىمى بۇ ئۆلچەمگە يەتمەيدىغان نامرات ئاھالە 1 مىليون 430 مىڭ بولۇپ، بۇلار ئاساسلىقى مەملىكەت بويىچە نۇقتىلىق نامرات رايون ھېسابلىنىدىغان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر، خوتەن، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە شىمالىي شىنجاڭدىكى بىر قىسىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان. شىنجاڭدىكى نۇقتىلىق دۆلەت دەرىجىلىك 25 نامرات ناھىيىنىڭ 20 سى جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا بولۇپ، نامرات-رايونلاردىكى ئاھالىلەر ئاساسەن ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئاساس قىلغان.

نۆۋەتتە شىنجاڭ دېھقانلىرىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى 1290 يۈەن بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن 636 يۈەن تۆۋەن تۇرىدۇ. جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ئاز سانلىق مىللەت ئاھالىلىرىنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى يۇقىرىراق بولۇپ، ئاھالىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نامرات ئاھالىلەر ئاساسەن يېزىلارغا ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ جايلارنىڭ پەن - تېخنىكا، مائارىپ ئىشلىرى ئارقىدا، كىشىلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەنرەك، ئەنئەنىۋى ئەخلاق قاراش، قىممەت قاراش، تۇرمۇش قارىشىنىڭ تەسىرى ئالدىن تەرەققىي قىلغان رايونلارغا سېلىشتۇرغاندا بىر قەدەر چوڭقۇر بولۇپ، ئۇ ئاساسەن مۇنۇ تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ:

**1. ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى جەھەتتە.** ناتۇرال ئاددىي تەكرار ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى تېرىقچىلىق شەكلى ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلمەكتە، جۇغلانما ۋە ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى مەبلەغ سېلىشقا ئەھمىيەت بەرمەي، يىل بويى جاپالىق ئىشلەپ يىغقان پۇلنى يەرلەرنىڭ سۈپىتىنى ياخشىلاش، بوز يەر ئېچىش، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرىنى سېتىۋېلىش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمىنى كېڭەيتىشكە ئەمەس، بەلكى ھەشەمەتلىك توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈش، ئالتۇن - كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىت سېتىۋېلىش قاتارلىق زىيادە سۆلەتۋازلىققا سەرپ قىلىدۇ، ئىلمىي تېرىقچىلىق ئۇسۇلىغا سەل قارايدۇ، بازار ئېڭى، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ئېڭى، رىقابەت ئېڭى تۆۋەن. غەيرىي يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارمۇ ئاساسەن سودا، يېمەك - ئىچمەك، مۇلازىمەت كەسىپلىرىگە مەركەزلىشىپ قالغان بولۇپ، ئەنئەنىۋى ئۇسۇلدا تىجارەت قىلىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى زاۋۇت - كارخانا قۇرغانلار ناھايىتى ئاز، ھەم باشقۇرۇش سەۋىيىسى تۆۋەن.

**2. تۇرمۇش ئۇسۇلى جەھەتتە.** يېگىچە ساغلام ئىلمىي تۇرمۇش ئېڭى كەم، قالاق خۇراپاتلىق ئادەتلەر يەنى تەقدىرگە ئىشىنىش، ھازىرغا شۈكۈر قىلىش، ئالغا باسماسلىق، ۋاقىتقا رىئايە قىلماسلىق، ھورۇنلۇق كەيپىياتلىرى ئېغىر، بالدۇر توي قىلىش، يېقىن ئۇرۇق - تۇغقانلار توي قىلىش، تولا توي قىلىپ تولا ئاجرىشىش، ئەرلەرنى ئېزىزلاپ، ئاياللارنىڭ ئائىلىدىكى ۋە جەمئىيەتتىكى رولىغا سەل قاراش، ئۆزىنىلا ئويلاپ جەمئىيەت ۋە ئەتراپىدىكى مۇھىت بىلەن كارى بولماسلىق قاتارلىق ئىدىيەلەرنىڭ تەسىرى ھېلىمۇ داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

**3. مائارىپ ئەھۋالى جەھەتتە.** ئەنئەنىۋى كۆز قاراش ۋە ھازىرقى ئىقتىسادىي تۇرمۇش چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن، مائارىپنى بىر خىل يۈك دەپ قارايدۇ، بالىلىرىنى ئوقۇتۇشنى ئانچە خالىمايدۇ، شۇڭا بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىش نىسبىتى تۆۋەن، مەكتەپتىن چېكىنىش نىسبىتى يۇقىرى، ساۋاتسىزلار كۆپ. شەھەرلەردە بولسا بىر قىسىم كىشىلەر بالىلارنى ئوقۇتقاندىن ھۈنەرگە بەرگەن، سودا - سېتىق ئىشلىرىغا سالغان ئەۋزەل دەپ قارايدۇ، كىتاب ئوقۇشنى ئەخمەقلىق، پۇل تېپىشنى ئاقىللىق دەپ قارايدىغان ئىدىيىنىڭ تەسىرى چوڭقۇر. قىز بالا سىرتنىڭ ئادىمى، شۇڭا قىزلارنى كۆپ ئوقۇتقاننىڭ پايدىسى يوق، قىزلار كۆپ ئوقۇپ كەتسە بەختسىز بولۇپ قالىدۇ، دېگەن ئىدىيەلەرنىڭ تەسىرى بىلەن، ساۋاتسىزلار ئارىسىدا ئاياللارنىڭ نىسبىتى يۇقىرى، ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئەرلەرگە قارىغاندا ئومۇميۈزلۈك تۆۋەن.

ۋاقىتلىق ئىقتىسادىي نامراتلىقنى يېڭىپ كەتكىلى بولىدۇ، لېكىن كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا سىڭىپ كەتكەن مەدەنىيەت جەھەتتىكى نامراتلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئۇزاق مەزگىل جاپالىق خىزمەت ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. نامرات رايونلار بىلەن باي رايونلارنىڭ، نامرات كىشىلەر بىلەن باي كىشىلەرنىڭ ئاساسىي پەرقى تىرىشىپ ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىنىڭ بار - يوقلۇقى، مائارىپ كۆز قارىشىنىڭ كۈچلۈك - ئاجىزلىقى، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى مەبلەغ سېلىش ئادىتىنىڭ يېتىلگەن-يېتىلمىگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

«مەدەنىيەت جەھەتتىكى نامراتلىق» دېگەن بۇ ئۇقۇمنى تۇنجى قېتىم ئامېرىكىلىق ئىقتىسادشۇناس لېۋىس 1959 - يىلى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ 60 - ۋە 70 - يىللاردا يۈرگۈزگەن «نامراتلىقنى تۈگىتىش» ھەرىكىتىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇنىڭ بۇ نەزەرىيىسىدە: «نامراتلىق بىر خىل مەدەنىيەت سىستېمىسى بولۇپ، نامراتلار ئۇزاق مۇددەت نامراتلىق ئىچىدە تۇرمۇش كەچۈرۈش نەتىجىسىدە ئالاھىدە بىر خىل تۇرمۇش ئۇسۇلى، ھەرىكەت قائىدىسى، قىممەت قارىشى شەكىللەندۈرگەن ھەم ئەۋلادمۇ - ئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇش ئارقىسىدا بىر خىل ئۆزگىچە مەدەنىيەت سىستېمىسى بارلىققا كەلگەن. نامراتلىق

ETHNIC UNITY

گەرچە نامراتلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىنىڭ ناچارلىقى جەھەتلەردە ئىپادىلەنسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتىن ئېيتقاندا، بۇ خىل مەدەنىيەت ئۇلارنىڭ ئۇتتۇرا قاتلام تۇرمۇش سەۋىيىسىگە كىرەلمەسلىكىدىكى ئاساسىي توسالغۇ، شۇڭا پەقەت ئىجتىمائىي پاراۋانلىق، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ئارقىلىقلا نامراتلىقنى تۈگەتكىلى بولمايدۇ، مەسىلىنىڭ ئاچقۇچى شۇ خىل نامراتلىق مەدەنىيىتىنى تۈگىتىش، نامراتلارنىڭ قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش، ئۇلاردا ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمگەك ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاش ئارقىلىق ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش كېرەك» دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. ب د ت 1996 ـ يىلىنى «دۇنيا نامراتلىقنى تۈگىتىش» يىلى قىلىپ بەلگىلىدى ھەم «نامراتلىقنى تۈگىتىشتە ئالدى بىلەن مەدەنىيەت جەھەتتىكى نامراتلىقنى تۈگىتىش، نامراتلارغا نوقۇل ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشتىن باشقا يەنە نامراتلارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئۇلارغا ئەمگەك بىلىملىرى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى ئۆگىتىش، پاتال ئالغا ئىلگىرىلىيەلىگەن، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشقا ياردەم بېرىش ۋە ياخشى ئىقتىسادىي شارائىت، ئىجتىمائىي كەيپىيات يارىتىپ بېرىش كېرەك» دەپ تەكىتلىدى.

1996 ـ يىلى مەركەز نامراتلارنى يۆلەش خىزمەت يىغىنى ئېچىپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن جەمئىيەت ھەرىكەتلىنىپ نامراتلارنى يۆلەش ۋە ئۇلارنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە چاقىردى. ئاپتونوم رايونىمىزمۇ مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئىچىدە نامرات ئاھالىنىڭ تويۇنۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئورۇنداشقا تېگىشلىك مۇھىم ۋەزىپە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھازىرقى شارائىتتا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش يولىغا مېڭىش كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تەقەززاسى بولۇپ قالدى. بۇنىڭ ئۈچۈن:

**1. نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدىكى يېڭىچە ئۇسۇل، يېڭىچە تەدبىرلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك.** نامراتلارنى يۆلەش مەبلىغىنى كۆپەيتىش بىلەن بىرگە يەنە مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ئىشلىرىغا مەبلەغ سېلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. قۇتقۇزۇش خاراكتېرىدىكى نامراتلارنى يۆلەش ئۇسۇلىدىن ئېچىش خاراكتېرىدىكى ۋە ئېچىۋېتىش خاراكتېرىدىكى نامراتلىقنى يۆلەش ئۇسۇلىغا ئۆتۈش، قۇتقۇزۇش خاراكتېرىدىكى نامراتلىقنى يۆلەش ئۇسۇلىدا نامراتلىقنى تۈپ يىلتىزىدىن تۈگەتكىلى بولمايدۇ، ئېچىش خاراكتېرىدىكى نامراتلىقنى يۆلەش ئۇسۇلىدا مەبلەغنى كاپالەتلىك قىلىش قىيىن ھەم ئىقتىسادىي ئۈنۈمى تۆۋەن. ئېچىش خاراكتېرىدىكى نامراتلارنى يۆلەش ئۇسۇلى بىلەن ئېچىۋېتىش خاراكتېرىدىكى نامراتلارنى يۆلەش ئۇسۇلىنى بىرلەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن ئىلغار تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش ئۇسۇلىنى ۋە مەبلەغ كىرگۈزۈش، تەرەققىي قىلغان رايونلار ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ياردىمىنى ۋە تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز مەبلىغىنى قوبۇل قىلىش ۋە ئۈنۈملۈك ئىشلىتىشكە ماھىر بولۇش.

**2. مائارىپ ئىشلىرىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، نامرات رايونلاردىكى كىشلەرنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىش كېرەك.** ساۋاتسىزلارنى تۈگىتىش خىزمىتىنى ۋە باشلانغۇچ مائارىپى خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەش، باللارنىڭ مەكتەپكە كىرىش ۋە مۇقىملىشىش نىسبىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، 9 يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپ سىياسىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېڭى بىر ئەۋلاد ساۋاتسىزلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مەكتەپلىرى ۋە تەربىيلەش كۇرسلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق دېھقانلارنى تېرىقچىلىق ۋە باقمىچىلىق قاتارلىق ئەمەلىي قوللىنىدىغان تېخنىكىلار بىلەن تەربىيىلەش، شۇ ئارقىلىق ئەنئەنىۋى ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىش. رادىئو ـ تېلېۋىزىيە، گېزىت- ژۇرنال قاتارلىق ھەر خىل تەشۋىقات ئۇسۇللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرى، يېڭى ئىدىيە، يېڭى ئۇچۇرلارنى تەشۋىق قىلىپ، كونا كۆز قاراش ۋە پاسسىپ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلەش كېرەك.

**3. ئىختىساسلىق خادىملارنى تەربىيلەش ۋە كىرگۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.** نامرات رايونلار بىلەن باي رايونلارنىڭ پەرقى ئاساسلىق ئىختىساسلىق خادىملاردىكى پەرق ۋە پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسىدىكى پەرق بولۇپ، زۆرۈر بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق خادىملار بولغاندىلا زامانىۋى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغىلى، يېڭى تېخنىكىلارنى ۋاقتىدا ئىگىلىگىلى ۋە ئومۇملاشتۇرغىلى، شۇ يەرنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ماس كېلىدىغان پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى بارلىققا كەلتۈرگىلى، باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، توغرا بولغان ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىققىلى ۋە يولغا قويغىلى بولىدۇ.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى سىياسىي ـ قانۇن ئىنستىتۇتى 1996ـ يىللىق ئاسپىرانتى)

---

پايدىلانغان ماتېرىياللار:
«ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش» 1998 ـ يىل 1ـ سان (خەنزۇچە)
«شىنجاڭ يىلنامىسى» 1997 ـ يىلى
«ئىقتىساد ئېشىش نەزەرىيىسى» سودا نەشرىياتى 1996 ـ يىلى

# بەيزۇ مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ «مارت بازىرى»

خېلىل ئەلى



بەيزۇلار ئاساسەن يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ دالى بەيزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. قالغان بىر قىسمى ئەتراپتىكى قوشنا ۋىلايەت، ناھىيىلەردە شۇنىڭدەك گۇيجۇ ئۆلكىسىنىڭ بىجى ۋىلايىتىدە، سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ لياڭشەن يىزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئولتۇراقلاشقان. بەيزۇلارنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 1 مىليون 594 مىڭ 827 (1990 ـ يىلىدىكى سان). بەيزۇلارنىڭ ئۆز تىلى بار، يېزىقى يوق. بەيزۇ تىلى خەنزۇ ـ زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىنىڭ زاڭزۇ ـ بىرما تىللىرى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. ئۇلار ئىشلەپچىقىرىشتا دېھقانچىلىقنى ئاساس قىلىدۇ. بەيزۇلار ئولتۇراقلاشقان جايلاردىن مەرمەرتاش ۋە قىممەتلىك ياغاچ ماتېرىياللىرى كۆپ چىقىدۇ.

دالىدا شەرقىي خەن سۇلالىسى زامانىسىدا سېلىنغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدىغان گەنتۇڭ ئىبادەتخانىسى، تاڭ سۇلالىسى زامانىسىدىكى نەنجاۋ بەگلىكىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە پايتەخت بولغان تەيخې شەھىرىنىڭ خارابىسى ۋە چوڭشېڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ 3 مۇنارىسى، خوڭشېڭ ئىبادەتخانىسى مۇنارىسى قاتارلىق بىر مۇنچە قەدىمىي مەدەنىي يادىكارلىقلار بار، ساڭشەن تېغى ۋە سۇيى زۇمرەتتەك سۈپسۈزۈك ئېرخەي كۆلى قاتارلىق مەنزىرىلىك ساياھەت نۇقتىلىرى بار.

بەيزۇ خەلقىنىڭ داغدۇغىلىق بازار مەزگىلى ۋە ئەنئەنىۋى يىغىلىش مەركىزى «مارت بازىرى» بولۇپ، بۇ مەركەز ئۆزگىچە ئۇسلۇب ۋە كەيپىياتتا ئۆتكۈزۈلىدۇ، بۇنىڭدىن بەيزۇلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى، دىن ئېتىقادى، ھېيت ـ بايراملىرى ۋە ئۆرپ ـ ئادەت، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلىرى ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

«مارت بازىرى» ھەر يىلى قەمەرىيە 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن باشلىنىپ دالى شەھىرىنىڭ غەربىدىكى ساڭشەن تېغى ئېتىكىدە بولىدۇ، ئۇنىڭ ۋاقتى 5 كۈندىن 7 كۈنگىچە بولۇپ، بۇ چاغدا دالى قاتارلىق جايلاردىن ئورغۇنلىغان بەيزۇلار بۇ يەرگە جەم بولىدۇ، ئەتراپتىكى باشقا ھەر مىللەت خەلقىمۇ تۇشمۇتۇشتىن كېلىپ قاتنىشىدۇ، تۈرلۈك ماددىي بۇيۇملار ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە خىلمۇ ـ خىل ئەنئەنىۋى مىللىي ئەدەبىيات ـ

مۇھەررىردىن: شىنجاڭ خەلق قوراللىق مەكتىپى رەھبەرلىكىنىڭ ژۇرنىلىمىزغا قىزغىن كۆڭۈل بۆلگەنلىكىگە رەھمەت!

سەنئەت، تەنتەربىيە نومۇرلىرى ئوينىلىدۇ.

دالى «مارت بازىرى» نىڭ تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسى دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك. رىۋايەت قىلىنىشىچە، تاڭ سۇلالىسىنىڭ يۇڭخۇي زامانىسىدا (650 ـــ 655ـ يىللار)، 3ـ ئاينىڭ 15ـ كۈنى شەپقەتچى بۇدساتۋا ساڭشەن تېغىغا كېلىپ، يالماۋۇز لوچانى يېڭىپ، دالى رايونىنى ئەمىن قىلغانمىش؛ يەنە بىر رىۋايەتتە، شەپقەتچى بۇدساتۋا شۇ كۈنى بۇ يەردە نوم تەپسىر قىلىپ، ئەرشكە چىقىپ كەتكەن، دېيىلىدىكەن. بەيزۇلار ئۇنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ھەر يىلى شۇ چاغدا مۇشۇ يەرگە جەم بولۇپ ئىسرىق سېلىپ، نەزىر- چىراغ قىلىدىغان ھەم تۈرلۈك دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشتا زۆرۈر بولغان ئىسرىق- كۈجىلەرنى ۋە يېمەك- ئىچمەك بۇيۇملىرىنى شۇنىڭدەك تۈرلۈك تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ئالدى - ساتتى قىلىشىدىغان بولغان، كېيىن ئاستا- ئاستا بازار ۋاقتىغا ۋە يەرمەنكىگە ئايلىنىپ قالغان.

ھازىر ھەر يىلى «مارت بازىرى» مەزگىلى ھارپىسىدا، بەيزۇ قىزلىرى بايراملىق كىيىم- كېچەكلىرىنى ھازىرلاپ ئىختىيارسىزلا ئالدىراش بولۇپ كېتىدۇ، ياش چەۋەندازلارمۇ بەيگە ئاتلىرىغا ئوبدان يەم - بوغۇزلارنى بېرىپ مۇسابىقىگە ئاتلىنىشقا تەييارلىنىدۇ، ئېرخەي كۆلىدىكى كېمىچىلەر مال ۋە يولۇچىلارنى توشۇشنىڭ تەرەددۇتىنى ئوبدان قىلىشىدۇ، سودا تارماقلىرى تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ بازارغا سالىدىغان مال تۈرلىرىنى بالدۇرراق ھازىرلىشىدۇ... «مارت بازىرى» سانسىزلىغان ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلب قىلىدۇ. بازار مەزگىلىدە تاڭ سۈزۈلۈش بىلەنلا، چوڭ- كىچىك يوللارنىڭ ھەممىسىنى ئات - ئۇلاغلارنىڭ كىشنەشلىرى بىر ئالىدۇ،



مۇھەررىردىن: قىرىغلىق كارمىيە شۆبە ئىنىستىتۇتىدىكى قىزغىن ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سەمىمىي سالام يوللايمىز!

ئادەملەر سەلدەك ئاقىدۇ. تاغ ئېتىكىدە سودا - سېتىق لاپاسلىرى قاتار - قاتار سېلىنىپ كېتىدۇ، رەڭگارەڭ تۇغلار ۋە پلاكاتلار ئېسىلىدۇ، مىللىي پايلىسوندىكى چىرايلىق كىيىم- كېچەكلەرنى كىيگەن بەيزۇ قىزلىرى ھۆسنىگە تولۇپ كېتىدۇ، خېلىرىدار تىۋۇلغان ئاۋازلار، كۈلكە- چاقچاق سادالىرى مۇزىكا ۋە ناخشا سادالىرىغا ئەگىشىپ بىللەدەم ئۆرلەپ، بىر دەم پەسىيىپ، قايىنام- تىناشقىنلىق كەيپىياتىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋېتىدۇ.

بازارغا دالى رايونىنىڭ يەرلىك مەھسۇلات- لىرىدىن مەرمەرتاشتىن ياسالغان ئۈستەل، گۈل تەشتەكلىرى، جام، رومكا، تەخسە، قاچا- قۇچىلار ۋە باشقا تاۋارلار سېلىنىدۇ، ئەتراپتىكى ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلاردىن زور بىرمۇنچە سودا ئۆمەكلىرى كېلىپ بازارنى تېخىمۇ ئاۋاتلاشتۇرىدۇ. بەيزۇ ئاياللىرى توقۇغان چىغ قالپاقلار، خىلمۇ- خىل گۈل نۇسخىلىرىدا كەشتىلەنگەن لاتا خەيلەر، ئەجدىھا - سۇمۇرغ نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن بوغچىلار، سۇ يۈزىدە ئويناپ يۈرگەن جۈپ ئۆردەك نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلگەن پەرتۇقلار ناھايىتى يارقىن مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە.

بازار مەزگىلىدە بەيزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقى تۈرلۈك ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات - سەنئەت، تەنتەربىيە نومۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ناخشا- ئۇسسۇل، لەپەر - قوشاق، ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىدۇ، بۇلار كەڭ تاماشىبىنلاردا ئۇنتۇلماس تەسىرات قالدۇرىدۇ.

يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان «مارت بازىرى» يۈننەندىكى ھەر مىللەت خەلقى تاۋار ئالماشتۇرىدىغان ۋە مىللىي ئەدەبىيات - سەنئەت، تەنتەربىيە پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزۈلىدىغان كاتتا مەركەز بولۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەر ئارا ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا پائال رول ئوينىماقتا.

## ھەقىقەت بىلەن خاتالىق

ئىدىراش كېتىۋاتقان بىر يولۇچى سىرلىق بىر ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ ئىشىكنى قېقىپتۇ. ھايال بولمايلا ئۆينىڭ ئىچىدىن بىرى چىقىپتۇ:

— كىمنى ئىزدەيسىز؟

— ھەقىقەتنى ئىزدەيتتىم.

— سىز خاتا كېلىپ قاپسىز، مەن دېگەن خاتالىق، — ھېلىقى كىشى شۇنداق دېيىلا ئىشىكنى «گۇپپىدە» يېپىۋاپتۇ.

يولۇچى يەنە داۋاملىق ئىزدەشكە مەجبۇر بوپتۇ. ئۇ ئۇزۇن يوللارنى يۈرۈپ، تاغ - دەريالارنى كېزىپتۇ. لېكىن ھەقىقەتنى زادىلا تاپالماپتۇ. ئاخىر ئۇ: «ھەقىقەت بىلەن خاتالىق ئۆزئارا رەقىبلەر، خاتالىق ھەقىقەتنىڭ نەدىلىكىنى چوقۇم بىلىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ- دە، دەرھال ئارقىسىغا يېنىپ، يەنە خاتالىقنىڭ قېشىغا بېرىپتۇ.

— مەنمۇ دەل ھەقىقەتنى ئىزدەۋاتاتتىم، — خاتالىق ئىشىكنى يەنە يېپىۋاپتۇ.

يولۇچى نىيىتىدىن زادى يانماپتۇ. ئۇ ئايلىنىپ- ئايلىنىپ يەنىلا خاتالىقنىڭ قېشىغا كېلىپ قاپتۇ، لېكىن خاتالىق زادى ئۇچۇق چىراي ئاچماپتۇ.

ئىشىكنىڭ توختىماي قېقىلىشىدىن خاتالىقنىڭ قوشنىسى ئويغىنىپ كەتكەنىكەن. يولۇچى ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا خاتالىقنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈرگەندە، ئىشىك ئېچىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ. يولۇچى قايرىلىپ شۇنداق قارىسا، ھەقىقەت تۇرغۇدەك!

ھەقىقەت خاتالىقنىڭ قوشنىسى. كىشىلەر ھەقىقەتنى خاتالىقنىڭ ئىشىكىنى نۇرغۇن قېتىم ئۇرغاندىن كېيىنلا تاپالايدۇ.

ETHNIC UNITY

شەيتان لۇغەت: توي - تۆكۈن — باج تۆلىمىسىمۇ پۇل تاپقىلى بولىدىغان ياخشى تىجارەت. (ئىمىنجان مەتروزى)




## 8. خاسىيەتلىك كۈندە ئۇچرىشىپ قالغان ساياھەتچىلەر

ھەر بىر يېڭى يىلنىڭ 1 - كۈنى ھەربىر ئادەم ئۈچۈن خاسىيەتلىك بىر كۈن. بۇ ھەقتە ھەرقايسى دۆلەت، ھەرقايسى مىللەتلەردە ھەر خىل ئۆرپ- ئادەتلەر بار. بۇمۇ تۇرمۇشنىڭ قىزىق بىر تەرىپى.

مەن ئۆمرۈمدە بىر قېتىم يېڭى يىلنىڭ 1 - كۈننى بېيجىڭدا ئۆتكۈزگىنىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تالاي يېڭى يىللارنىڭ 1- كۈننى ئانا يۇرتۇم قاغىلىقتا ۋە ماكانلاشقان جايىم ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈپ كەلدىم. يېڭى يىل، يېڭى بىر ياش توغرىسىدا نەسىرلەر يازغان بولساممۇ، راستىنى ئېيتقاندا، ھەرقانداق بىر يېڭى يىلنىڭ 1 - كۈنى مېنىڭدە 1997 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈندەك ئۆزگىچە قىزىقىشلارنى قوزغىمىغانىدى. چۈنكى بۇ كۈن، مېنىڭ تۇنجى قېتىم يېڭى بىر يىلنى چەت ئەلدە — ئامېرىكىنىڭ نيۇ- يورك، فىلادېلفىيە، ۋاشىنگتوندەك 3 مەشھۇر شەھىرىدە ئۆتكۈزۈشۈم ئىدى.

دۇنيا بويىچە يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىشتىكى ئەڭ كاتتا مەرىكە ئامېرىكىنىڭ لوس - ئانژېلىس شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلىدىكەن. يېڭى يىلنىڭ 1 - كۈنى، لوس - ئانژېلىستا يۈزلىگەن زىننەت ماشىنىلىرى جابدۇلۇپ، رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن بېزەلگەن شەھەر (1 - ئايدا باشقا جايلاردا قىش بولغىنى بىلەن، لوس - ئانژېلىستا قىش بولمايدىكەن) كوچىسىدا بايرام نامايىشى ئۆتكۈزۈلىدىكەن. كىشىلەر ھەر خىل نىقابلار بىلەن ياسىنىپ، بۇ نامايىشقا قاتنىشىدىكەن. ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، ھەتتا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ساياھەتچىلەر بۇ يېڭى يىل تەنتەنىسىنى كۆرۈش ئۈچۈن لوس - ئانژېلىسقا كېلىدىكەن. ئەپسۇسكى، بىز پائالىيەت كۈنتەرتىپىمىز بويىچە، ئاللىقاچان لوس -

ئانژېلىستىن ئايرىلىپ، نيۇ - يوركتىكى زىيارىتىمىزنىمۇ تاماملاپ ۋاشىنگتونغا قاراپ يولغا چىققان ئىدۇق. يول باشلىغۇچىنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، ئاۋادا بىز لوس - ئانژېلىستا بولغىنىمىزدىمۇ، ئۇ نامايىشقا قاتنىشىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىكەن. چۈنكى نامايىش ئەھلى ھەر خىل سىياقتا نىقابلىنىپ ياسانغان بولىدىكەن، نامايىشنى كۆرگۈچى تاماشىبىنلار بولسا، تاڭ سەھەر سائەت 1- 2 لەردىلا ئۆيلىرىدىن چىقىپ ئاساسلىق شەھەر كوچىلىرىنىڭ 2 قاسىنىقىنى ئىگىلەپ بولىدىكەن. ئۇقۇشىمىزچە، ئامېرىكىدا يېڭى يىل ھارپا ئاخشىمى كىشىلەر دالادا گۈلخان كەچلىكى ئۆتكۈزىدىكەن. كېچە سائەت 12گە قوڭغۇراق ئۇرۇلغاندا، ھەممەيلەن كونا نەرسىلەرنى گۈلخانغا تاشلاپ كۆيدۈرۈپ، گۈلخاننى چۆرىدەپ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ تاڭ يورۇشنى كۈتۈۋالىدىكەن.

شىمالىي ئەنگلىيىلىكلەر ۋە شوتلاندىيىلىكلەر يېڭى يىل كۈنى «تۇخۇم بىلەن پال ئېچىش» پائالىيىتى ئۆتكۈزىدىكەن: يەنى، بىر داسقا سۇ ئېلىپ، تۇخۇمنىڭ ئېقىنى شۇ سۇغا ئېقىتىپ، تۇخۇم ئېقىنىڭ ھالىتىگە قاراپ ياخشىلىق ياكى يامانلىق بىشارەتلىرىنى بىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ يەنە مۇنداق بىر ئۆرپ- ئادىتى بار ئىكەن: يەنى، ھارپا كېچىسى تۈن نىسپىدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە تۇنجى قەدەم باسقان كىشى شۇ ئائىلىنىڭ يېڭى بىر يىلدىكى «تەلىيى»دىن بىشارەت بېرەرمىش. تۇنجى قەدەم باسقۇچى ئەگەر بەختلىك، باي كىشى بولسا، شۇ ئائىلىگە پۈتۈن يىلدا ئاسايىشلىق ياغارمىش؛ ئەگەر دەردمەن، نامرات كىشى بولسا، شۇ ئائىلە يېڭى بىر يىلدا خىلمۇخىل قىيىنچىلىق ۋە بەختسىزلىكلەرگە يولۇقارمىش.

بىز 1997 - يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سەھەردىلا نيۇ- يورك شەھىرىدىن ماشىنا بىلەن يولغا چىقتۇق. يول ناھايىتى ياخشى بولغاچقا، 10 ساياھەتچى چۈشكەن ئوتتۇرا تىپتىكى ساياھەت ماشىنىسى ئۇچقاندەك ماڭاتتى. بىز 2 سائەتلەردىن كېيىن، ئامېرىكىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى پېنسىلۋانىيە شتاتىنىڭ دېلاۋەر دەرياسى ۋادىسىغا جايلاشقان فىلادېلفىيە شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق. فىلادېلفىيە ئامېرىكا تارىخىدا ۋە ئامېرىكا خەلقىنىڭ قەلبىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان شەھەر. 1972 - يىلى سابىق ئامېرىكا زۇڭتۇڭى نىكسون ئامېرىكا -جۇڭگو مۇناسىۋىتىدىكى ئۇزۇن يىللىق سوغۇقچىلىق مۇناسىۋىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىپ، رەئىس ماۋزېدۇڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، ۋاشىنگتون ۋە نيۇ - يوركنى تىلغا ئالمىغان، بەلكى فىلادېلفىيىنى تىلغا ئالغان. ئۇ رەئىس ماۋزېدۇڭغا: «سىلەرنىڭ يەنئەنىڭلار بار، بىزنىڭ فىلادېلفىيىمىز بار» دېگەن. دەرۋەقە، ئامېرىكا تارىخىدىكى بىرمۇنچە خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەر فىلادېلفىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. ئامېرىكا تارىخىدىكى مەشھۇر «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» 1776 - يىل 7 -ئاينىڭ 4- كۈنى مۇشۇ شەھەردە



فىلادېلفىيىدىكى مۇستەقىللىق خاتىرە سارىيىنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشى

ETHNIC UNITY

ئىمزالانغان، بۇ كۈن ھازىرغا قەدەر ئامېرىكىنىڭ دۆلەت قۇرۇلغان خاتىرە كۈنى بولۇپ كەلمەكتە. ئامېرىكىنىڭ تۇنجى ئاساسىي قانۇنى 1787 ـ يىلى مۇشۇ شەھەردە دۇنياغا كەلگەن. فىلادېلفىيە 1790 ـ يىلدىن 1800 ـ يىلغىچە ئامېرىكىنىڭ پايتەختى بولغان. شۇڭا فىلادېلفىيە ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ بۆشۈكى دەپ ئاتىلىدۇ. فىلادېلفىيەدە كىشىلەر بېرىپ تاۋاپ قىلىدىغان مۇستەقىللىق سارىيى، ئەركىنلىك قوڭغۇرىقى، دۆلەت مۇستەقىللىق تارىخىي باغچىسى، مۇستەقىللىق يولى قاتارلىق مەشھۇر ئاسارە ئەتىقىلەر بار ئىكەن. «ئەركىنلىك قوڭغۇرىقى» مۇستەقىللىق سارىيى مەيدانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، 1776 ـ يىل 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى جاراڭلىق قوڭغۇراق ساداسىغا ئەگىشىپ «مۇستەقىللىق خىتابنامىسى» تۇنجى قېتىم دۇنياغا جاكارلانغانىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن ھەر يىلى 7 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى يەنى، ئامېرىكا دۆلەت بايرىمى كۈنى ئامېرىكا مۇستەقىللىقىنىڭ سىمۋولى بولغان ئەركىنلىك قوڭغۇرىقى چېلىنىدىكەن. بىز ۋاشىنگتونغا كېتىۋېتىش سەپىرىمىزدە مۇشۇ تارىخىي ئەھمىيەتلىك جايلارنى كۆرۈپ، خاتىرە سۈرەتلەرگە چۈشتۇق. مۇستەقىللىق سارىيى ئالدىدا بىزدىن باشقا ئېكسكۇرسىيەچىلەر يوق ئىدى. بىز «ئەركىنلىك قوڭغۇرىقى» ئالدىدا بىر ـ بىرىمىزنى سۈرەتكە تارتىۋاتقىنىمىزدا، مەيداندا بىر نەچچە كىشى پەيدا بولۇپ قالدى. يېڭى يىلنىڭ 1 ـ كۈنى بىرىنچى بولۇپ ئالدىمىزدا پەيدا بولغان بۇ كىشىلەر قايسى دۆلەتتىن كەلگەن كىشىلەردۇ؟

ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە، بۇ كىشىلەر يېڭى بىر يىلدا بىزگە نېمە قىسمەتلەرنى نېسىپ قىلار؟ دېگەن قىزىقىش بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆزەتتىم. ئۇلارنىڭ تەققى ـ تۇرقى شەرقىي ـ جەنۇبىي ئاسىيا ئەللىرىنىڭ خەلقلىرىگە ئوخشايتتى. بولۇپمۇ مەن شياڭگاڭ، ياپونىيە، تەيۋەن، سىنگاپور كىشىلىرىنى ئانچە پەرقلەندۈرۈپ كېتەلمەيتتىم. قىزىقىش بىلەن ئۇلارنىڭ بىرىدىن سىلەر نەدىن كەلدىڭلار دەپ سورىدىم. جاۋاب مېنىڭ كۈتمىگەن يېرىمدىن چىقتى: ئۇلارمۇ بىزگە ئوخشاش جۇڭگودىن كەلگەنىكەن، ئۇلار جېجياڭ ئۆلكىسىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇلار تېخى ماڭا قىزىقىپ مېنىڭ كىيىنىشىم ۋە تەلەپپۇزىمدىن مېنى قايسىبىر چەت ئەللىك مېھمان ئوخشايدۇ، دەپ قالغانىكەن.

مېنىڭمۇ ئۇلارغا ئوخشاش جۇڭگودىن كەلگەنلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن، قىزىقىش بىلەن ئىنچىكىلەپ سورىدى. مەن ئۆزۈمنىڭ شىنجاڭلىق ئۇيغۇر ئىكەنلىكىمنى ئېيتقاندىن كېيىن، ئۇلار كۈلۈشۈپ «ئاجايىپ ئۇچرىشىش بولدى، بۇنداق ئۇچرىشىش تەس» دەپ قويۇپ، ئۆز تىللىرىغا يۇگۇرۇشتى. دېمىسىمۇ بۇ بىر خاسىيەتلىك ئۇچرىشىش بولدى، شۇنچە يىراق ئەلگە چىقىپ، ئەنە شۇنداق خاسىيەتلىك بىر مەيداندا، باشقا بىر چەت ئەللىككە ئەمەس، ئۆز ۋەتەنداشلىرىمىزغا يولۇققاندۇق.

## 9. ۋاشىنگتون يېشىل مەيدانىدىكى «ئويغىنىش»

بىز فىلادېلفىيەدىكى مۇستەقىللىق سارىيى ئالدىدىكى ۋاشىنگتون مىس ھەيكىلى ئالدىدا سۈرەتكە چۈشكەندىن كېيىن، يەنە ئالدىراش سەپەرگە ئاتلاندۇق. ئۆتەر يولدىكى بالتىمورى شەھىرىدە چۈشلۈك غىزىچە تاماق يەپ، چۈشتىن كېيىن ئامېرىكا سىياسىتىنىڭ يۈرىكى بولغان ۋاشىنگتونغا يېتىپ كەلدۇق.

ئامېرىكىدا، «ۋاشىنگتون» دېگەن ئاتالغۇ مۇنداق 3 ئۇقۇمغا ئىگە ئىكەن: بىرىنچى، ئامېرىكا دۆلەت ئاتىسى گېئورگى ۋاشىنگتوننى كۆرسىتىدىكەن؛ ئىككىنچىسى، ۋاشىنگتون ئالاھىدە رايونى ـ يەنى كولۇمبىيە ئالاھىدە رايونىنى كۆرسىتىدىكەن؛ ئۈچىنچىسى، پايتەخت ۋاشىنگتون شەھىرىنى كۆرسىتىدىكەن، شۇڭا ئامېرىكىلىقلار ۋاشىنگتون شەھىرىنى دېمەكچى بولسا، ۋاشىنگتون دېگەن ئاتالغۇنىڭ كەينىگە DC دېگەن قىسقارتىلغان ھەرپنى قوشۇپ قويىدىكەن.

ۋاشىنگتون ھەقىقەتەن پايتەخت دېگۈچىلىكى بار گۈزەل، ئازادە، پاكىز شەھەر ئىكەن. دەم ئېلىش كۈنى بولغاچقىمۇ، كوچىدا، ماگىزىنلاردا، ھەتتا

ETHNIC UNITY



**ۋاشىنگتون شەھىرىدىكى «جۇڭگو شەھەرچىسى»نىڭ زىننەت دەرۋازىسى**

ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى بىناسى ئالدىدا بىزدىن باشقا ھېچبىر ئادەم يوق ئىدى، بىز بىمالال سۈرەتلەر تارتتۇق ۋە سۈرەتلەرگە چۈشتۇق. ئاۋئاتسىيە مۇزېيىدا ھەر خىل ئايروپىلان، سۈنئىي ھەمرا، باشقۇرۇلىدىغان بومبا قاتارلىقلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ئالىي سوت مەھكىمە بىناسى، دۆلەت مەجلىسى كۇتۇپخانىسى ئالدىدا خاتىرە سۈرەتلەرگە چۈشتۇق. كەچتە «جۇڭگو شەھەرچىسى» دەپ ئاتىلىدىغان كوچىدىكى بىر جۇڭگولۇق ئاچقان رېستوراندا غىزالانغاندىن كېيىن، ماشىنا بىلەن ۋىرجىنىيا شتاتىغا بېرىپ كونفورد مېھمانخانىسىدا قوندۇق. ئەتىسى، يەنى 1 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئەتىگەندە يەنە ۋاشىنگتون شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، لىنكولن خاتىرە سارىيى، جېففىرسون خاتىرە سارىيى، مۇستەقىللىق خاتىرە مۇنارى، ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ باش شتابى بولغان 5 بۇرجەك بىنا ئالدىدا خاتىرە سۈرەتلەرگە چۈشتۇق. سائەت 11 يېرىمدا، 2 قاتار ئۇزۇن ئۆچرەتتە تۇرۇپ، ئامېرىكا ساقچىلىرىنىڭ بىخەتەرلىك تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرىنىڭ ئوردىسى بولغان سىرلىق ئاقسارايغا كىردۇق. ئاقسارايىنىڭ نۇرغۇن ئۆيلىرى رەڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىكەن، مەسىلەن، تۇخۇم شەكىللىك كۆك ئۆي زۇڭتۇڭ ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى مېھمان كۈتىدىغان ئۆي ئىكەن. قىزىل ئۆيگە ئىمپېرىيە زامانىسىدىكى نەرسىلەر تىزىلغان بولۇپ، دېرىزىلىرى ۋە پەردىلىرى، كىرىسلو ۋە گىلەملەرمۇ قىزىل رەڭلىك ئىكەن. يېشىل ئۆيدە توماس جېففىرسون زامانىسىدىكى نەرسىلەر قويۇلغان ئىكەن. زۇڭتۇڭ ۋە ئۇنىڭ رەپىقىسى 2 ـ قەۋەتتىكى ھال رەڭ ئۆيدە تۇرىدىكەن. ئېكسكۇرسىيە قىلغۇچىلارنىڭ 1 ـ قەۋەتتىكى قىزىل ئۆي، كۆك ئۆي، يېشىل ئۆيلەرنىلا ئېكسكۇرسىيە قىلىشىغا رۇخسەت قىلىنىدىكەن. سۈرەت تارتىشقا رۇخسەت قىلىنمايدىكەن.

ئاقسارايىنىڭ ئىشىكىدىن كىرىشىمىزگىلا، ھازىرقى زۇڭتۇڭ كلىنتوننىڭ بىر ئاق قاشقىلىق قارا مۈشۈكنى ئويىنىتىپ تۇرغان يوغان سۈرىتى ۋە ئايالى ئىرالى بىلەن بىمالال تۇرغان فوتو سۈرىتى كۆزىمىزگە چېلىقتى. كارىدوردا ۋە بۆلۈملەردە ئىلگىرىكى ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرىنىڭ 24 سۈڭلۈق ماي بوياق رەسىملىرى ئېسىلغان ئىدى. مەن روزۋېلت، رېگان ۋە كاتلارنىڭ سۈرىتىنى تونۇدۇم. ئاقسارايىنىڭ ئىچكى تاملىرى ۋە پەلەمپەيلىرى سۈت رەڭ مەرمەردىن ياسالغانىكەن. مەن دەسلەپتە «ئاقساراي» دەپ ئاتىلىشى شۇنىڭدىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قالغانىدىم، كېيىن ئۇقۇشىمچە، «ئاقساراي» نامىنىڭ مۇنداق بىر تارىخى بار ئىكەن:

ئاقسارايغا 1793 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئۇل سېلىنغان بولۇپ، پۈتۈپ چىققان دەسلەپكى مەزگىلدە زۇڭتۇڭ تۇرالغۇ جايى، زۇڭتۇڭ ئەمەلدار مەھكىمىسى ۋە زۇڭتۇڭ سارىيى دېگەنناملاردا

ETHNIC UNITY

ئاتالغانىكەن. بۇ 2 قەۋەتلىك ئىمارەتنىڭ تېمى كۆل رەڭ شېغىل تاشلار بىلەن سىلىنغانىكەن. ئامېرىكىنىڭ 2 ـ قېتىملىق مۇستەقىللىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، ئەنگلىيە ئەسكەرلىرى ۋاشىنگتون شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ، بۇ ئىمارەتنى كۆيدۈرۈۋەتكەنىكەن. ئۇتتىن كېيىن رامكا قۇرۇلمىسىلا قالغانىكەن. 1817 ـ يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى قىلىنغاندا، كۆيگەن داغلارنى يېپىش ئۈچۈن بىنا تاملىرى ئاق رەڭدە ئاقلانغانىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن «ئاقساراي» دەپ ئاتالغانىكەن.

ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرىنىڭ كەچۈرمىشلىرىگە ئائىت ماتېرىياللار ئىچىدە، لىنكولننىڭ بىر ئابزاس سۆزى ماڭا بەكرەك تەسىر قىلغانىدى: 1860 ـ يىلى، جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى لىنكولننى زۇڭتۇڭ نامزاتلىقىغا كۆرسەتكەن، ئۇنىڭ رەقىبى دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ زۇڭتۇڭ نامزاتى، چوڭ باي داۋگىلاس ئىدى. بۇ بايۋەتچە بارغانلا يېرىدە ئۆزىنىڭ رىقابەتچىسى لىنكولننى مازاق قىلىپ «مەن لىنكولن دېگەن بۇ سەھرالىق ئاۋاققا ئۆزۈمنىڭ ئېسىلزادە باي ئىكەنلىكىمنى بىر كۆرستىپ قوياي» دەيدىكەن ھەم ئۆزى چۈشكەن ئېسىل پويىز ۋاگونىغا زەمبىرەك ئورنىتىپ، ھەربىر ئىستانسىغا يېتىپ كەلگەندە 30 پاي ساليوت ئېتىپ داۋراڭ قىلىدىكەن. لىنكولن بولسا ئۆزىنىڭ مەخسۇس ماشىنىسى بولمىغانلىقتىن، ئۆزى بېلەت ئېلىپ پويىزغا چىقىدىكەن. داۋگىلاسنىڭ ئۆزىگە قىلغان ھاقارەت ۋە ئېغۋاگەرچىلىكىگە قارىتا، لىنكولن سايلىغۇچىلارغا قىلغان بىر قېتىملىق نۇتقىدا مۇنداق دېگەن: «دوستلار، مېنىڭ ماشىنام يوق، مال دۇنيايىم يوق، لېكىن بىر خوتۇنۇم بىلەن 3 ئوغلۇم بار. ئۇلار مېنىڭ بىباھا بايلىقىم. ئۇنىڭدىن باشقا، مېنىڭ يەنە بىر ئىشخانام بار، ئىشخانامدا بىر خىزمەت ئۈستىلى، 3 ئورۇندۇق بار، تام بۇلۇڭىدا بىر كىتاب ئىشكاپىم بار، ئىشكاپىمدا ھەممە كىشىنىڭ ئوقۇپ چىقىشىغا ئەرزىيدىغان كىتابلىرىم بار. مەن ئۆزۈم ھەم نامرات ھەم ئاۋاق، مېنىڭ ھەقىقەتەن تايانغۇدەك ھېچنېمەم يوق، بىردىنبىر تايىنىدىغىنىم سىلەر ـ پۇقرالار.»

لىنكولننىڭ سىياسىي رەقىبىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئالدىدا ئېغىر ـ بېسىقلىق بىلەن جەڭگە ئاتلىنىپ، يۈرىكىدىن چىقىرىپ قىلغان سەمىمىي سۆزى سايلىغۇچىلارنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن، مۇشۇ قېتىملىق سايلام رىقابىتىدە ئۇ داۋگىلاسنى يېڭىپ زۇڭتۇڭلۇققا سايلانغان. مەن لىنكولنغا بولغان ھۆرمەت ھېسسىياتىم بىلەن لىنكولن خاتىرە سارىيىدىكى لىنكولننىڭ



ئاپتور ئامېرىكا زۇڭتۇڭ ئوردىسى ـــ ئاقسارايىنىڭ چىقىش ئىشىكى ئالدىدا

ETHNIC UNITY

مەنزىرە ماڭا ئاجايىپ ئۆزگىچە تۇيغۇ بەردى. مەن دەسلەپتە بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي يول باشلىغۇچىدىن: «بۇ نېمە مەنىنى بىلدۈرىدۇ» دەپ سورىدۇم.

يول باشلىغۇچى: «بۇ، ‹ئويغىنىش› ناملىق ھەيكەل» دەپ ئىزاھلىدى. بۇنىڭ بىلەن، قاتتىق تىرمىشىۋاتقان بۇ ھەيۋەت ئوبرازنىڭ مەنىسىنى ئاز- تولا چۈشەندىم. بۇ ھەيكەلنى لايىھىلىگۈچى يەنە نىملەرگە سىمۋۇل قىلدى، بۇنىسى ماڭا نامەلۇم.

ئېشىنى قىلىپ، ئامېرىكا زۇڭتۇڭلىرى تەنھەرىكەت قىلىدىغان مەيدانغا بۇ ھەيكەلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ئۇلارنى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇش بولسا كېرەك.



**ئاپتور لىنكولىننىڭ مەرمەر ھەيكىلى ئالدىدا**

مەرمەر ھەيكىلى ئالدىدا سۈرەتكە چۈشتۈم.

بىز يەنە ئاقسارايى بىلەن مۇستەقىللىق خاتىرە مۇنارى ئارىلىقىدىكى كەڭ كەتكەن يېشىل چۆپلۈك مەيداندا ئايلاندۇق، بۇ يەر ئامېرىكىنىڭ نۆۋەتتىكى زۇڭتۇڭىنىڭ ئەتىگەنلىك تەنھەرىكەت قىلىدىغان ۋە كەچقۇرۇنلۇقى سەيلى قىلىدىغان مەيدانى ئىكەن.

بىپايان كەتكەن مەيداندا ھەيۋەت بىر مەخلۇقنى يەر دەم تارتىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ بەدىنىنى يەر يۇتۇپ كەتكەن، بېشى، ئىككى قولى ۋە يەردىن ئازراقلا چىققان ئىككى پۇتى ھالاكەتتىن قۇتۇلۇش كويىدا تىرماشماقتا، ئاغزى جان - جەھلى بىلەن ۋارقىراۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەۋاتىدۇ. ئامېرىكا زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىگە يېقىنلا جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان بۇ





**ئاپتور «ئويغىنىش» ھەيكىلى ئالدىدا**



# كىتاب بوتكىسى ئالدىدا تۇغۇلغان ئويلار

خەلىپە ساۋۇت (قىرغىز)

**6**

199- يىل 13- ئۆكتەبىر كۈنى ئىدى. كوچا دوقمۇشىغا قويۇلغان كىچىككىنە كىتاب بوتكىسىغا كەلدىم. ئىزدىگەن كىتابىم كۆز ئالدىمدىلا تۇراتتى. ئىچ-ئىچىمدىن خۇش بولۇپ كەتتىم. يەنە بىرنەچچە كىتابمۇ تاللىدىم. ھېسابلاپ كۆرسەم، يۈز نەچچە يۈەن بولۇپتۇ. كىتاپپۇرۇش بۇنىڭغا كۆنمەي، ھەر بىر كىتابقا يەنە بىرنەچچە يۈەندىن باھا قوشۇۋالدى. شۇ چاغدا ئۆمرۈمدە تۇنجى قېتىم كىتاب باھاسىنى تالىشىپ باقتىم ۋە كۆڭلۈمدىكى نارازىلىق تۇيغۇنى ئاشكارىلىۋەتتىم:

— ئاكا، ئەسلى بۇ كىتابلارنى ماڭا مۇكاپات ئورنىدا بېرىۋەتسىلىمۇ زايا كەتمەيتتى، — دېدىم مەن ئىسمىنىمۇ بىلمەيدىغان بۇ غورىگىل چىراي كىشىگە، — بۈگۈن بىر كۈن ئىچىدە مەندەك ئايال خېرىداردىن نەچچىنى كۈتۈۋالغانسىز! قايسى بىر خانىم مۇشۇنداق بىر دەستە كىتاب ئالدى سىلىدىن؟!

— دېگەنلىرىڭىز راست خانىم، بۈگۈن بىر كۈن ئىچىدە ئەمەس، 3 كۈندىن بۇيانقى 2- خېرىدارىم سىلە بولىلا. 3 كۈن ئاۋۋال بىر قىز پايدىلىنىش قوللانمىسىدىن بىرنى ئالغانىدى، — دۇكاندارنىڭ چىرايىدا ھەم مەيۈسلىنىش، ھەم ھەۋەس ئارىلاشقان بىر خىل ئىپادە جىلۋىلىنىپ تۇراتتى، — بۇ يەرگە سىلىدەك يازغۇچىنىڭ ئايالى ئانچە- مۇنچە كېلىپ قالمىسا، باشقا ئايال زاتى ئانچە كەلمەيدۇ.

شۇ تاپتا يۈزۈم ۋىللىدە ئوت ئالدى. شۇ مىنۇتتا يۈز بەرگەن تولىمۇ گۈزەل ئۇقۇشماسلىق بۇ كىتاپپۇرۇشنىڭ بىرقانچە يىللىق كىتاب سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا يەكۈنلىگەن تەسراتى بولسا كېرەك. بەلكىم شۇ كۈنى ئاياللىق سۈپىتىم بىلەن ئاجايىپ مۇرەككەپ بىر روھىي تىركىشىش ئىچىدە تىت-تىت بولۇپ كەتتىم: «يازغۇچىنىڭ ئايالى». دېمەك، يازغۇچىنىڭ ئايالىدىن باشقا ئاياللار كىتاب سېتىۋالمايدىكەن-دە! كىتاب سېتىۋالمىغاندىن كېيىن، ئەلۋەتتە كىتاب ئوقۇمايدۇ-دە! كىتاب ئوقۇمايدىغان ئاياللارنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى قانداق بولىدۇ؟ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە ئائىلىق سالاھىيىتىچۇ؟

ئاياللار بۇ كەڭ كائىناتقا گۈزەللىك بېرىش ئۈچۈن يارىتىلغان مۆجىزىكارلاردۇر. تەبىئەتتىكى ھەرقانداق گۈل ھامان سولىشىدۇ، خازان بولىدۇ، ئۇ گۈللەرنىڭ ۋاقىت پەسلى بار. لېكىن ئاياللارچۇ؟ ئۇلار تەبىئەتنىڭ پەسىلسىز گۈللىرى، ئۇلار قەيەردە بولسا، شۇ يەردە پاكىزلىك، گۈزەللىك پەيدا بولىدۇ. خەلقىمىز ئارىسىدا: «ئالتۇن باشلىق ئاتاڭ بىلەن قالغۇچە، پاقا باشلىق ئاناڭ بىلەن قالغىن» دېگەن سۆز ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن ئائىلىۋى تۇرمۇشتا ئاياللارنىڭ رولىنىڭ قانچىلىك زۆرۈر ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ.

ئانا بولۇش — بىز قىز-ئاياللار ئۈچۈن ئاجايىپ مۇقەددەس، ئاجايىپ جاپالىق ۋە مەڭگۈ ئۆزگەرمەس قانۇنىيەت. ئاياللار ئانا بولغانلىقى ۋە ئانا بولالىغانلىقى ئۈچۈنلا ئاشۇنداق سۆيۈملۈكمۇ!؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاياللار ئالدى بىلەن يارامىلىق ئىنسان بولۇشىمىز ھەم بولالىشىمىز كېرەك. شۇندىلا، لاياقەتلىك ئايال، لاياقەتلىك ئانا بولۇپ، ئۆز بۇرچىمىزنى، مەجبۇرىيەتلىرىمىزنى شەرەپلىك بىلەلەيمىز.

بىزنىڭ باللىرىمىز تالادىن ئۆيگە «ئانام قېنى؟» دەپ كىرسە، ئەرلىرىمىز: «بالام، ئاناڭ قېنى؟» دەپ كىرىدۇ.

ETHNIC UNITY

بىز ئايالالار ئەنە شۇنداق كۆزگىمۇ، كۆڭۈلگىمۇ يېقىن كىشىلەرمىز. بىز ئۆيدە بولمىغان كۈنلەردە ئۆي چۆلدەرەپ قالىدۇ: قاچىلار يۇيۇلمىسىز، كىيىملەر رەتسىز، ئۆيلەر سۈپۈرۈلمىسىز، باللار تاماقسىز قالىدۇ.

«يېرىم دۇنيا» ھېسابلىنىدىغان ۋە پۈتۈن ئاھالىنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەن ئايالالار ئىنسانلار مەدەنىيىتىنى يارىتىش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتىكى ئۇلۇغ كۈچ. ئايالالارنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئىجتىمائىي تەرەققىيات سەۋىيىسىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگىلەرنىڭ بىرى. 21-ئەسىرنىڭ يېتىپ كېلىشى ۋە ئايالالار مەسىلىسى جامائەتچىلىكنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى تېخىمۇ قوزغايدىغان مۇھىم نۇقتا بولۇپ قالدى. ئېلىمىز ھۆكۈمىتى ئايالالارنىڭ قانۇنىي ھوقۇقى ۋە ئايالالار ئىشلىرى تەرەققىياتىغا ئالاقىدار خەلقئارالىق ئەھدىنامىنى ئىشقا ئاشۇرۇش توغرىسىدا تەنتەنىلىك ۋەدە بەردى.

ئاپتونوم رايونىمىز 1995- يىلدىن 2000- يىلغىچە بولغان ئايالالار تەرەققىيات پروگراممىسىدا ئايالالار تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي نىشانىنى: «ھەر مىللەت ئايالالىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، ئايالالارنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا، دۆلەت ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلىپ، قانۇندا ئايالالارغا بېرىلگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، جەمئىيەت ۋە ئائىلىدىكى باراۋەرلىك ھوقۇقىنى تېخىمۇ ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت» دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

پىلاندىكى بۇ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھېچقانچە كۆپ ۋاقىت قالمىدى. لېكىن بىز ئايالالارنىڭ مۇشۇ نىشان يولىدىكى جەڭگە تەييارلىقىمىز قانداق؟ مۇشۇ نىشان بىزنىڭ ئېڭىمىزدا بارمۇ-يوق؟

بۇقۇرلارنى يېزىۋاتقىنىمدا، بىر دوستۇمنىڭ يېقىندا ماڭا دېگەن مۇنداق بىر سۆزى ئېسىمگە كېلىپ، ئىچىم ئاچچىققا تولۇپ كەتتى: ئۇ بىزنىڭ يەر شارىدىكى قايسى قىتئەدە ياشاۋاتقانلىقىمىزنىمۇ بىلمەيدىكەن، بىلىشنىمۇ خالىمايدىكەن. «مېنىڭ ئائىلىدىكى ئورنۇم يۇقىرى، غېمىم بولمىغاندىكىن، قايسى قىتئەدە ياشاۋاتقانلىقىمنى بىلىپ نېمە كەپتۇ؟» دەپتۇ ئۇ.

بىز جەمئىيەتكە، ئەرلەرگە ئۆزىمىزنىڭ ئائىلە جابدۇقى ياكى ئويۇنچۇقى ئەمەس، بەلكى بىر ئۇلۇغ ئىنسان ئىكەنلىكىمىزنى، ئائىلىدە، جەمئىيەتتە نېمە مەسئۇلىيىتىمىز، قانداق ھوقۇقىمىز بارلىقىنى پەقەت پەن - مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلەش ئارقىلىق دۇنيانى تونۇپ، زامانىۋى ئاڭ، زامانىۋى دۇنيا قاراش، ئىلغار پىكىر ئارقىلىقلا بىلدۈرەلەيمىز. بىزنىڭ ئىنسانىي ئەركىنلىكىمىز، ۋىجدانىي قەدىر- قىممىتىمىز، لاياقەتلىك ئانا بولۇش ئىمكانىيىتىمىز پەقەت ئۆگىنىش-ئۆگىنىش، يەنە ئۆگىنىشتىن، يۇقىرى مەدەنىيەت ساپاسىدىن، تەربىيىلىنىش ۋە تەربىيىلەشتىن كېلىدۇ.

دوستلىرىم، بىز يەنىلا تەلەيلىككەنمىز: 21-ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاش ئالدىدا بىزنىڭ ئارمىزدىنمۇ بىزنى سۆيۈندۈرىدىغان، بىزگە رىغبەت، غۇرۇر، ئىپتىخار تەقدىم قىلىدىغان ھەدە- سىڭىللىرىمىز، قىزلىرىمىز چىقتى، چىقىۋاتىدۇ. لوندون شەھىرىدە ھەممىنى ئاڭ قالدۇرۇپ، دوكتورلۇق ئۇنۋانىنى ئالغان ھەكىمە ئەرشىدىن، تېببىي ئىلىم ساھەسىدە خۇددى چۆلدىكى سۇغا تەشنا سەيياھەتەك تىنماي ئىزدىنىپ، ئۆگىنىپ نەتىجە ياراتقان ئادالەت قاسىمى، سەھىيە ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز ھەدىيە ھاشىم، ياپونىيىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇۋاتقان رەيھانگۈل پەتتار، مەملىكەت بويىچە تۇنجى ئاز سانلىق مىللەت ئۆلچەش- سىزىش ئىنژېنېرى ئايگۈل ئىسمائىل... مانا بۇلار بىزنىڭ پەخىرلىك قىزلىرىمىز ئەمەسمۇ؟ ئەسىر ھالقىش پەيتىدە كۆز ئالدىمىزدا پارلىغان بۇ «ئىلىم چولپانلىرى» نىڭ ئەتە ئۈچۈن تەربىيىلەيدىغان پەرزەنتلىرىدىن كۈتىدىغانلىرىمىز مېنىڭچە، ئاز ئەمەس. چۈنكى ئانىنىڭ ساپاسى قانچىلىك يۇقىرى بولسا، ئۇ چوقۇم پەرزەنتىنى ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق ساپا بىلەن تەربىيىلەيدۇ-دە.

ئىنسانىيەت ئالىمىگە خالمۇرات غوپۇردەك ئالىمنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن كەرىمە ئاپپاي، كۈرەش ئىبراھىمدەك دوكتور ئاشتىلارنى تۇغۇپ ئۆستۈرگەن يىراق سەھرادىكى توختىخان ئاچا، رەيھانگۈل پەتتار، غاپپار پەتتاردەك ئوغۇل- قىزلىرىنى دوكتورلۇقتا ئوقۇتۇۋاتقان رەھىمخان ئانا، 4 پەرزەنتىنىڭ ئالدىنى دوكتور



بىرى قورقۇتۇش، يەنە بىرى مەنپەئەت. — ناپولېئون (ئىمىر مۇھەممەت.ت)

ئاشتى، كېيىنكىلىرىنى باكالاۋۇر قىلىپ يېتىشتۈرگەن رەيھان ئاپپايلار بىزنىڭ پەخرىلىك ئانىلىرىمىز ئەمەسمۇ؟ ئۇلار بىز ئۈچۈن شانلىق ئۈلگە. ياشاشنىڭ — ھەقىقىي ئايالدەك ياشاشنىڭ، لاياقەتلىك ئانىنىڭ ئۈلگىسىنى ياراتقان پەخىرلىك ئاياللاردۇر. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق ئەجرى، تىنىمسىز ئىزدىنىشچانلىقلىرى ۋە سۇيەتلەپ تۈگەتكۈسىز ئالىيجاناب خىسلىتى ئارقىلىق پەرزەنتلىرىنىڭ ئالدىدا ئانىلارنىڭ بۈيۈك سىماسىنى ياراتقانلاردۇر. ئۇلار بىر قارىساق كۆز يەتمەيدىغان، چاقىرساق ئۈن يەتمەيدىغان يىراق ئەلدە ئەمەس، بەلكى يېنىمىزدا، ئارىمىزدا!

× × ×

سۆيۈملۈك خانىم-قىزلار: ئۆيلىرىمىزنىڭ بالكونلىرىغا، قازناق ۋە بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغا قاراپ باقايلى: تاشلىنىپ توپا بېسىپ كەتكەن كىتابلارنى سۈرتۈپ، ياسداق ئۆيلىرىمىزگە ئېلىپ كىرەيلى. پۇلدار ئەرلىرىمىزنى باشلاپ كىتابخانىلارنىمۇ ئارىلايلى. كىتابخانىلارمۇ بىزنىڭ خۇش بۇي ھىدىمىزدىن نەپەس ئالسۇن، چىرايلىق كىيىملىرىمىزدىن رەڭ ئالسۇن، ئالتۇن زىبۇزىننەتلىرىمىزدىن جۇلالانسۇن!

بىزمۇ ئۆزىمىزگە ۋاقىت جەدۋىلى تۈزۈپ باقايلى: ئۇنىڭدا چاي، تويلاردىن باشقا كىتابخانىغا كىرىشكىمۇ ۋاقىت ئاجرىتىلسۇن. شۇندىلا پەرزەنتلىرىمىز كىتابخانىلارنى بىلىپ، كىتابنى سۆيۈپ چوڭ بولىدۇ.

خىراجىتىمىز تۈرلىرىگە كىتاب سېتىۋېلىشنىمۇ كىرگۈزەيلى. شۇندىلا پەرزەنتلىرىمىز بىرنەچچە يۈەننى كىتاب سېتىۋېلىشقا ئاجرىتالايدۇ. قاتار چايلىرىمىزدىن بىرەر-ئىككىنى قىسقارتايلى. شۇندىلا پەرزەنتلىرىمىز تۈرلۈك ھاۋايى - ھەۋەسلەردىن خالىي بولالايدۇ. ئانىلارنى قەدىرلەيلى، شۇندىلا قىزلىرىمىز ئانىلىق بۇرچ، سالاھىيەتنى بىلەلەيدۇ.

ھەرقاچان تولۇق، رەتلىك كىيىنەيلى. شۇندىلا قىزلىرىمىز يېرىم- يالىڭاچ بولۇۋېلىشتىن تەپ تارتىدىغان بولىدۇ. ئىنسان قىممىتى ئۈستىدە ئىزدىنەيلى. شۇندىلا قىسقىغىنە بۇ كىشىلىك ھاياتنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى تاپالايمىز.

(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك پىچىشمەھەر ناھىيىلىك رادىئو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدا)

## سالامەتلىككە پايدىلىق بولغان بەزى «ناچار ئادەتلەر»

تۇرمۇشتا كىشىلەردە ئىختىيارسىز بەزى ناچار ئادەتلەر شەكىللىنىپ قالىدۇ. بۇنداق بەزى بىرقىسىم ناچار ئادەتلەر تەن سالامەتلىكنىڭ شىپالىق دورىسى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىكى ساغلاملىقىغا پايدىلىق.

**ئۆز -ئۆزىگە سۆزلەش:** ئۆز -ئۆزىگە سۆزلەشنىڭ تىنچلاندۇرۇش رولى بولۇپ، ئۇ جىددىيلەشكەندە كەيپىياتنى تەڭشەيدۇ. بولۇپمۇ جىددىيلىشىپ چارچىغاندا، ئادەم نېمە دېگۈسى كەلسە شۇنى دېۋالسا يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇپ، كۆڭلى ئېچىلىپ قالىدۇ.

**ناخشا ئېيتىش:** ئەتراپىدا ئادەم بولسىمۇ- بولمىسىمۇ ناخشا ئېيتىپ يۈرۈش نەپەسلىنىش سىستېمىسىنى ۋە مۇسكۇللارنى ئاكتىپ چېنىقتۇرىدۇ. بۇنىڭ رولى سۇ ئۈزۈش ۋە قېيىق ھەيدەش قاتارلىق تەنتەربىيە پائالىيىتىدىن قېلىشمايدۇ.

**كۆرە تۇرۇپ تاماق يېيىش:** مېدىتسىنا ئالىملىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىغان ... يەنى ئوخشاش بولمىغان مىللەتلەرنىڭ تاماق يېيىش قىياپەتلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشتىن ئۆرە تۇرۇپ تاماق يېيىشنىڭ ئەلالىقىنى، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشنىڭ ئەلامەت ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاپ چىقتى. سەۋەبى زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تاماق يېگەندە قورساق قىسمى بېسىلىپ قاننىڭ ئايلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراپ، ئاشقازاننىڭ قان بىلەن تەمىنلىنىشىگە تەسىر يېتىدۇ.

**تاماقتىن بۇرۇن شورپا ئىچىش:** تاماقتىن بۇرۇن ئازراق شورپا ئىچىۋالسا، خۇددى ھەرىكەت قىلىشتىن بۇرۇن تەييارلىق ھەرىكىتىنى قىلغانغا ئوخشاش پۈتكۈل ھەزىم قىلىش سىستېمىسىنى ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، ھەزىم قىلىش بېزىنى يېتەرلىك ھەزىم قىلىش سۇيۇقلۇقى بىلەن تەمىنلەپ، ھەزىم قىلىش ئەزالىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشقا قولايلىق تۇغدۇرۇپ، يېمەكلىكلەرنىڭ ھەزىم قىلىنىشى ۋە قوبۇل قىلىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

**كېرىلىش:** كېرىلىش پۈتۈن بەدەن مۇسكۇللىرىنىڭ بىر قەدەر كۈچلۈك يىغىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، بىرنەچچە سېكۇنت كېرىلگەندە، تىنىپ قالغان قانلار يۈرەككە قايتۇرۇلۇپ، ئايلىنىدىغان قاننىڭ مىقدارى كۆپىيىدۇ-دە، قان ئايلىنىش ياخشىلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا مۇسكۇللارنىڭ يىغىلىش- كېڭىيىش رولى شۇ مۇسكۇلدىكى قاننىڭ ئېقىشىنى تېزلىتىپ، ئادەم بەدىنىدىكى بەزى كېرەكسىز ماددىلارنى چىقىرىۋېتىپ ھارغىنلىقنى تۈگىتىدۇ.

(رۇقىيە ئېلى تەرجىمە قىلدى)

ھېكمەت: خاتىرجەملىكنى ئېلىپ كېلىدىغان ئىككى كۈچ قانۇن بىلەن ئەدەبتۇر. — گىيوتې (ئىسمىر مۇھەممەت.ت)

# ياپونلارنىڭ زامانىۋى

## ئېڭى

**مۇھىت ئېڭى:** ئايروپىلان بىلەن توكيودىن ئىبارەت بۇ خەلقئارالىق چوڭ شەھەرنىڭ ئۈستىدىن ئۆتكەندە كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا بىپايان يېشىللىق زاھىر بولىدۇ. مانا بۇ مەركىزىي دۆلەتنىڭ ئورمان بايلىق مەنبەسىنى قوغداپ كەلگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. ياپونىيىنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى % 65 كە يېتىدۇ.

ياپونىيە ئاشپۇزۇللىرىدا بىرلا قېتىم ئىشلىتىلىدىغان چوكىلارنىڭ ھەممىسى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىدىكى مەلۇم بىر جايدىن كەلتۈرۈلگەن. ياپونىيىدە بىرەر تۈپ دەرەخنى كېسىش ئاسانچە ئاسانغا توختىمايدۇ. يەنە كېلىپ ياغاچ ماتېرىياللاردىن بىرلا قېتىم ئىشلىتىلىدىغان چوكا ياساش مەنئى قىلىنغان.

ياپونلار يەنە كېرەكسىز دەپ تاشلىۋېتىلگەن چوكىلارنى يىغىپ، ئۇنى قەغەز ياساشنىڭ خام ئەشياسى قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلنى ئۆرنەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

**ۋاقىت ئېڭى:** ياپونلارنىڭ ۋاقىت ئېڭىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ھەممە بىلىدۇ. شىنسۇ بېكىتىدىن توكيو مېھمانخانىسىغىچە بولغان مۇساپە خېلىلا ئۇزۇن. ئۇلار يولنىڭ ئۇڭ تەرىپىگە سىيلىق ماڭىدىغان يەتكۈزۈش لىنىيىسى بېكىتكەن بولسىمۇ، ناھايىتى ئاز ساندىكى ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئاشۇ يەتكۈزۈش لىنىيىسىنىڭ ئۆزىنى يەتكۈزۈپ قويۇشىنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپ قىسىم ياپونىيىلىكلەرنىڭ ئاشۇ يەتكۈزۈش لىنىيىسىنىڭ ئۈستىدە چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

**ئاممىۋى ئەخلاق ئېڭى:** ياپونلار قىزىل چىراغ يورۇغاندا توختاپ، يېشىل چىراغ يورۇغاندا ماڭىدۇ. ئۇلار قاتناش قائىدىسىگە ئىنتايىن ئەستايىدىل ۋە يۇكسەك ئاڭلىقلىق بىلەن رىئايە قىلىدۇ. پىيادىلەر يولدا قىزىل چىراغ يورۇغاندا ھەممە كىشى يولنىڭ بويىدا يېشىل چىراغنىڭ يېنىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشىدۇ. بىرمۇ كىشى قاتناش قائىدىسىگە خىلاپ ھالدا يولنى كېسىپ ئۆتمەيدۇ.

ياپونىيە ھاجەتخانىلىرىمۇ كىشىگە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدۇ. كوچا ـ كويلاردا «ئاممىۋى ھاجەتخانا» دېگەن خەتلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن بولمىسىمۇ، لېكىن كۆپ ساندىكى ھاجەتخانىلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئومۇم ئۈچۈن ئېچىۋېتىلگەن. ھاجەتخانىلارغا كىرگۈچىلەردىن پۇل ئېلىنمايلا قالماستىن، يەنە ئۇلارغا ھەقسىز تازىلىق قەغىزى بېرىلىدۇ. ئادەتتە سودا سارايلىرى ۋە يەر ئاستى تۆمۈر يوللىرىغا جايلاشقان ھاجەتخانىلارنىڭ قېشىغا 3 ـ 4 باغلام قول سۈرتۈش قەغىزى رەتلىك تىزىپ قويۇلىدۇ.

**تېجەش ئېڭى:** توكيو دېڭىز ئوكيان تېپىدىكى ئىقلىمغا تەۋە بولۇپ، ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ناھايىتى كۆپ، سۇ بايلىق مەنبەسى ئىنتايىن مول بولسىمۇ، لېكىن ياپونلار سۇنى ناھايىتى تېجەشلىك بىلەن ئىشلىتىدۇ. تونۇشتۇرۇشلارغا قارىغاندا، پايتەخت مېھمانخانىلىرىدىكى ھاجەتخانىلارنى تازىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۇنىڭ ھەممىسى يىغىۋېلىنغان يامغۇر سۈيى ئىكەن.

ياپونلار كېرەكسىز نەرسىلەرنى يىغىۋېلىشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەخلەت خالتىلىرى ئىشلەتكىلى بولىدىغان ئەخلەت خالتىسى ۋە ئىشلەتكىلى بولمايدىغان ئەخلەت خالتىسى دەپ ئىككى خىلغا



بولۇندۇ. بايلىق مەنبەسىدىن پايدىلىنىش ئۇنۇمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن 1997- يىلى «ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى قايتا ئىشلەپ ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش قانۇنى» تۈزۈلگەن. ئۇلار يىغىۋېلىنغان كونا ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىدىن تۆمۈر، ئالىيۇمىن، ئەينەك قاتارلىق مېتاللارنى ئايرىۋېلىپ ئۇلى قايتا ئىشلەش ئارقىلىق يالتىراق، يېقىلغۇ ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىدىكەن.

(ئۆمەرجان ھەسەن تەرجىمە قىلدى)

## چەت ئەللەردىكى توي قىلمىغان قىزلارنىڭ بەلگىلىرى

فرانسىيىنىڭ مەلۇم بىر رايونىدا قىزلار ئاشكارا جورا تاللىماقچى بولسا، بىنەپشەرەڭ كۆڭلەك ئېلىۋالىدىكەن.

ئۇلارنى يىگىتلەر كۆرۈپلا بېشى باغلانمىغانلىقىنى بىلىۋالالايدىكەن. نىكاراگۇئادىكى يەرلىك قىزلار ماڭلاي چېچىنىڭ ئوڭ - سول ئىككى تەرىپىگە گۈللۈك شارچە چىگىۋالسا، ئۇنىڭ بېشى تېخى باغلانمىغان قىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىكەن. ئىتالىيىنىڭ سىتسىلىيە ئارىلىدا ئەگەر بىر قىز بىر يىگىتنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ چېچىنى چىگسە، بۇ «مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم» دېگەنلىك بولىدىكەن. گرېتسىيىدىكى ماكىدونلاردا ئەگەر قىز بەدىنىگە يېپىشىپ تۇرىدىغان بىنەپشە رەڭلىك كىيىم كىيىۋالسا، توي قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرىدىكەن. تىنچ ئوكياندىكى بەزى ئاراللاردىكى قىزلار سول قۇلىقىغا گۈل قىستۇرۇۋالسا، لايىق ئىزدەۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدىكەن. گوللاندىيىلىكلەردە مەلۇم ئائىلىنىڭ قىزى بويىغا يەتكەندىن كېيىن، بۇ ئائىلىدىكىلەر بىر تەشتەك ئەتىرگۈلنى قىزنىڭ دېرىزىسىگە قويۇش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىكەن.

ئەنگلىيىنىڭ يورك ۋىلايىتىدە قىزلار بويىغا يەتسىلا بەدىنىگە ھەم يېپىشىپ تۇرىدىغان رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىشىدىكەن. يېشىل رەڭلىكى: «كېلىڭ تەلەپ قويۇۋېرىڭ» دېگەننى؛ سېرىق رەڭلىكى: «لايىقىم بار، بىراق تېخى مۇقىملىشىپ بولمىدى» دېگەننى؛ قىزىل رەڭلىكى: «ماڭا چېقىلماڭ» دېگەننى بىلدۈرىدىكەن.

گرېتسىيىدىكى ماكىدون رايونىدا كىيىۋالغان كىيىمنىڭ رەڭگى توي قىلغان - قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرىدىكەن. بىنەپشە رەڭلىك جىيەك تۇتۇلغان، بەدىنىگە يېپىشىپ تۇرىدىغان كىيىم توي قىلمىغاننى؛ ئاق رەڭلىك جىيەك تۇتۇلغان، بەدىنىگە يېپىشىپ تۇرىدىغان كىيىم توي قىلىپ بولغانلىقىنى، سۇس بىنەپشە رەڭلىك كىيىم تۇل چوكان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىكەن.

## ئۇقتۇرۇش تاختىسىدىكى ئۇچ

## قۇر خەت

شۋېتسارىيىنىڭ ئېبورگ كەنتىدىن فونكۇلىيورغا ئۆتۈلتۈرۈپ تاغقا چىققان ساياھەتچىلەر تاغدىكى گۈللەرنى ئۈزۈش مەنئى قىلىنىدىغان ئۇقتۇرۇش تاختىسىنى كۆرىدۇ. ئۇقتۇرۇش ئىنگلىز، نېمىس، فرانسۇز يېزىقلىرىدا يېزىلغان. ئىنگلىزچىدا «مەرھەمەت، گۈل ئۈزمەڭ» دېيىلگەن؛ نېمىسچىدا «گۈللەرنى ئۈزۈش مەنئى قىلىنىدۇ» دېيىلگەن؛ فرانسۇزچىدا «بۇ تاغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ياخشى كۆرىدىغان قەدىرلىك دوستلار، گۈللەر مەڭگۈ تاغ باغرىغا ھەمراھ بولسۇن» دېيىلگەن.

شۋېتسارىيە ساياھەتچىلىك كەسپىدىكىلەر ئىشنى ئىنچىكە، پۇختا قىلىشى بىلەن كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان، ئۇلار ئوخشىمىغان مىللەتلەرنىڭ خاراكتېرىنى ماھىرلىق بىلەن ئىگىلەپ، ئوخشاش بولمىغان سۆز ۋە ئىنتوناتسىيىدىن پايدىلىنىپ ساياھەتچىلەرنىڭ گۈل ئۈزۈشىنى چەكلەش مەقسىتىگە يەتكەن. «مەرھەمەت» دېگەن بۇ بىر سۆز ئابروپپەرەس، مۆتىۋەر سۈپەت ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ ھەققانىيەت تۇيغۇسى بىلەن «گۈل ئاسراش ئەلچىسى» بولۇشقا يېتەرلىك؛ گېرمانىيىلىكلەر قاتتىق ئىنتىزامچان، «چەكلىنىدۇ» دېگەن بۇ سۆزنى ئىشلەتكەندە ئۇلار مۇقەررەر بۇيرۇق بويىچە ئىش قىلىدۇ؛ رومانتىك، ھېسسىياتچان فرانسىيىلىكلەر نەزمىسىمان يېزىلغان بۇ خەتلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ گۈللەرگە ھەرگىز قول تەگكۈزمەيدۇ.

(«تەرمىلەر» ژۇرنىلىدىن)

ETHNIC UNITY




سۈرەتتە: مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنى تەبرىكلەش سەنئەت پائالىيىتىدىن بىر كۆرۈنۈش

# شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى ياخشى باشقۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تىببىي مائارىپ ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشىمىز

**شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى: مۇھەممەد ياسىن**

شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى - سابىق شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى ۋە شىنجاڭ جۇڭگو تېبابەتچىلىكى ئىنستىتۇتىنىڭ قۇرۇلۇشى ھەم تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى.

جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى تولۇق دەلىللەش ئارقىلىق سابىق شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى بىلەن جۇڭگو تېبابەتچىلىكى ئىنستىتۇتىنى بىرلەشتۈرۈپ، شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇرۇشنى قارار قىلدى. بۇ قارار دۆلەتلىك مائارىپ مىنىستىرلىكى، سەھىيە مىنىستىرلىكى، دۆلەتلىك جۇڭگو تېبابەتچىلىكى دورىلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىغا ئېرىشتى. باش شۇجى جياڭ زېمىن شىنجاڭنى كۆزدىن كۆچۈرگەن مەزگىلدە خىزمىتىنىڭ ئالدىراش بولۇشىغا قارىماي شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەكتەپ نامىنى يېزىپ بېرىپ، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىغا، شىنجاڭنىڭ داۋالاش، دورىگەرلىك، سەھىيە مائارىپى ئىشلىرىغا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ۋە يېقىندىن غەمخورلۇق قىلىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلدى. بۇ مەكتىپىمىزدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە غايەت زور ئىلھام بەخش ئەتتى؛ يۇكسەك دەرىجىدە ئۈمىد ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلدى.

نەچچە ئون يىلدىن بۇيان مەكتىپىمىز كىچىكلىكتىن زورىيىپ يۇكسەك شان- زەپەرلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ شانلىق تارىخىي شەجەرىسىنى يازدى: دەسلەپكى قەدەمدە كۆلەملەشكەن مۇئەسسەسەلىرى ۋە بىرقەدەر مۇكەممەللەشكەن ئوقۇتۇش، پەن- تەتقىقات، داۋالاش، باشقۇرۇش سىستېمىلىرى ئاساسىدا مول تەجرىبىلەرنى توپلىدى؛ ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ۋە پەن باشلامچىلىرىنىڭ تەربىيىلىنىشىنى كۈچەيتتى ھەم بۇ جەھەتتە زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. ئۆزلىرى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرگەن زور بىر تۈركۈم تۆھپىكار پېشقەدەم مۇتەخەسسىلەر ۋە كۆزگە كۆرۈنگەن مۇنەۋۋەر ياش مۇتەخەسسىس، ئالىملار بىلەن شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئەۋزەل شارائىت ياراتتى؛ پەن تەتقىقات سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، 302 تۈرلۈك پەن تەتقىقات نەتىجىسىدە ھەر خىل مۇكاپاتلارغا ئېرىشتى. بۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك پەن تەتقىقات نەتىجىلىرى شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەرەققىياتىنى يۇقىرى باشلىنىش نۇقتىسى بىلەن تەمىن ئەتتى. 2 مەكتەپ نەچچە ئون يىلدىن بېرى جەمئىيەت ئۈچۈن جۇڭگوچە، غەربچە داۋالاش، دورىگەرلىك كەسپلىرى بويىچە 22 مىڭ 531 نەپەر ئىختىساسلىق خادىم تەربىيىلەپ، شىنجاڭدا تىببىي خادىم كەمچىل، دورا ئاز بولۇشتەك ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشكە زور

تۆھپە قوشتى، شۇنداقلا بۈگۈنكى شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشى، تەرەققىياتى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى! بىز شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بارلىق ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر 2 مەكتەپنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلغان مۇتەخەسسىس، پروفېسسورلارغا، پېشقەدەم رەھبەرلەرگە ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز. شىنجاڭنىڭ تىببىي مائارىپ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلگەن ۋە ئۇنى قوللىغان بارلىق مەرىپەتپەرۋەر، ئەلسۆيەر كىشىلەرگە چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ، داۋالاش، سەھىيە ئىشلىرىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى. 2 مەكتەپنى بىرلەشتۈرۈش — ئۇستۇنلۇكلەرنى بىرلەشتۈرۈشكە، بايلىق مەنبەلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇشقا، مائارىپ قاتلىمى، ئوقۇتۇش سۈپىتى ۋە مەكتەپ باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە، جۇڭگوچە داۋالاش، دورىگەرلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغان مېڭىشقا تېگىشلىك يول، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مائارىپ ئىسلاھاتىدىكى ئۈنۈملۈك سىناق.

يېڭىدىن تەشكىللىنىپ قۇرۇلغان شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى مەمۇرىي دەرىجىسى 2-دەرىجىلىك ئىدارىگە تەڭ كېلىدىغان بىر ئىنستىتۇت، باشقارما دەرىجىلىك 4 ئىنستىتۇت، 3 بۆلۈم ۋە 2 فاكۇلتېتتىن تەركىب تاپقان. ئۇلار جۇڭگو تېبابەتچىلىكى ئىنستىتۇتى، كلىنىكا مېدىتسىناسى ئىنستىتۇتى، ئاممىۋى سەھىيە ئىنستىتۇتى، دورىگەرلىك ئىنستىتۇتى، چوڭلار مائارىپى ئىنستىتۇتى، ئۇل تىببىي پەنلەر بۆلۈمى، ئىجتىمائىي ئانتروپولوگىيىلىك پەنلەر بۆلۈمى، تەنتەربىيە ئوقۇتۇش بۆلۈمى، جۇڭگوچە داۋالاش فاكۇلتېتى ۋە سۆڭەك زەخمىسىنى يىڭنە بىلەن داۋالاش فاكۇلتېتىدىن ئىبارەت. شىنجاڭ تىببىي ئىنستىتۇتى قارىمىقىدا 1- دوختۇرخانا، 2- دوختۇرخانا، ئۆسمە كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسى، ئاپتونوم رايونلۇق جۇڭگو تېبابەتچىلىكى دوختۇرخانىسى ۋە جۇڭگو تېبابەتچىلىكى تەتقىقات ئورنى قاتارلىق 4 دوختۇرخانا ۋە بىر تەتقىقات ئورنى بار. تەلەپ بويىچە مەكتەپتىكى تولۇق كۇرس، مەخسۇس كۇرس ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ سانى تەدرىجىي ھالدا 5000 نەپەرگە، ئاسپىرانت سانى 330 نەپەرگە يەتكۈزۈلىدۇ.

نۆۋەتتە شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومى ھەر مىللەت ئامما، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەر بىلەن زىچ ئىتتىپاقلىشىپ ۋە ئۇلارغا تايىنىپ، يېڭىچە روھىي قىياپەت ۋە تولۇپ-تاشقان خىزمەت قىزغىنلىقى بىلەن مەكتەپ قۇرۇشقا ئاتلىنىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ، شۇنىڭدەك شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئۆزىدىن كۈتكەن ئۈمىدلىرىنى ئەمەلىي نەتىجىلىرى بىلەن ئاقلاشقا بەل باغلىدى. ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئوبدان ماسلىشىشى ۋە ھەمكارلىقى، بىزنىڭ تىرىشچانلىقلىرىمىز ئارقىلىق، كەلگۈسىمىز تېخىمۇ پارلاق بولغۇسى، شىنجاڭنىڭ تىببىي مائارىپ، داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش، دورىگەرلىك ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ چوڭ تۆھپىلەر قوشۇلغۇسى.



سۈرەتتە: مەركەز ۋە ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن تۆمۈر داۋامەت، ۋاڭ لېچۇەن، ئابلەت ئابدۇرېشىت قاتارلىق كىشىلەر مەكتەپ قۇرۇلۇشىنى تەبرىكلەش مۇراسىمىدا.

ETHNIC UNITY

قەلب چىرىغى: ئانا تىل ئانا دېمەكتۇر. ھەرزەمىننىڭ ئانا ئالدىدا مەلۇم مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. — چىڭغىز ئايتماتوۋ (ئىمىر مۇھەممەت.ت)

## ياۋروپانىڭ «ئالتۇن ئاچقۇچى»

ئالتۇن ئاچقۇچ تەقدىم قىلىش ــ ياۋروپا ئەللىرىدە ئۇزاقتىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەت. ئۇ، مەلۇم بىر دۆلەت ياكى شەھەرنىڭ چەت ئەللىك مېھمانغا بولغان ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش مۇراسىمىدىن ئىبارەت.

قەدىمكى ياۋروپا قەلئەلىرىنىڭ سېپىل تېمى ۋە شەھەر دەرۋازىسى بولاتتى، ئۇنىڭ قۇلۇپى ئاچقۇچ بىلەن ئېچىلاتتى. ھالبۇكى بۇنداق ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئاچقۇچ كىشىلەرنىڭ نەزەرىدە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ياكى چەكلەنگەن رايونغا كىرىش ھوقۇقىدىن دېرەك بېرىدۇ، شۇنداقلا ئۇ يەنە ئېسىل زىننەت بۇيۇمى ۋە ئەمەل مەرتىۋىسىنىڭ بەلگىسى ھېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، ئەنگلىيە پادىشاھىغا تاج كىيگۈزۈش مۇراسىمىنى باشقۇرىدىغان مۇراسىم ۋەزىرىنىڭ ئەمەل بەلگىسى بىر ئاچقۇچتىنلا ئىبارەت؛ ئەنگلىيە خان جەمەتىنىڭ توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ مۇراسىملىرىنى ۋە مېھمان كۈتۈۋېلىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەنگلىيە ئوردا ۋەزىرىمۇ ئاچقۇچ ئېسىپ يۈرىدۇ.

ئاچقۇچنىڭ يۇقىرىقىدەك مەنىسى بولغانلىقى سەۋەبىدىن، ياۋروپا ئەللىرىدە تەدرىجىي ھالدا مۇنداق بىر قائىدە ـ يوسۇن شەكىللەنگەن: مەلۇم بىر چەت ئەللىك مېھمانغا بولغان ئىززەت ۋە قارشى ئېلىشنى ئىپادىلەش شۇنداقلا ئۇنىڭغا يۈكسەك دەرىجىدە ئىشىنىش ۋە ئۆزئارا ئىناقلىق، دوستلۇقنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە شۇ شەھەرنىڭ ئالىي ئەمەلدارى ئالتۇن ئاچقۇچنى تەقدىم قىلىدۇ. گەرچە سېپىل تېمى ۋە شەھەر دەرۋازىسى مەۋجۇت بولمىسىمۇ، ئالتۇن ئاچقۇچ تەقدىم قىلىشتىن ئىبارەت ئەنئەنىۋى ئۆرپ ـ ئادەت تا ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

(ئىدرىس بارات تەييارلىدى)

## ئالاھىدە ۋىتامىن ــ مۇزىكا

مۇزىكا ئادەمنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتەلەيدۇ. ئادەمنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشى ـ يامان بولۇشى ئوخشاش بولمىغان بىئو ـ خىمىيىلىك جەرياننى پەيدا قىلالايدۇ. مۇبادا ئادەمنىڭ كەيپىياتى ياخشى بولسا، قاندا ساغلاملىققا پايدىلىق بولغان بىر خىل خىمىيىلىك ماددا كۆپىيىدۇ.

مۇزىكا رىتىمى، ئاھاڭى، سۈرئىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تىنچلاندۇرۇش، روھلاندۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش، بېسىم تۆۋەنلىتىش قاتارلىق ساقلىقنى ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن: رىتىمى يېقىملىق مۇزىكىلار ئادەمنىڭ ھەزىم قىلىش مەركىزىنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، ئاشقازان سۇيۇقلۇقى ئاجرالمىسىنى كۆپەيتىدۇ. ئاشقازان ۋە ئۈچەيىنىڭ ھەرىكىتى تېزلىشىپ، ئىشتىھا ئېچىپ ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىدۇ. تېز ياكى يېقىملىق مۇزىكىلار مۇسكۇللارنىڭ كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. ئاھاڭداش، ئاستا مۇزىكىلار نەپەسنى سىلىقلاشتۇرىدۇ. مۇڭلۇق مۇزىكىلار ۋېگىتاتىپ نېرۋىنى تەڭشەيدۇ. بۇندىن باشقا ئالىملار ناخشا ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭ بادام بېزى ئوپېراتسىيە قىلىنىپ كېسۋېتىلگەندىن كېيىنكى يارىسىنىڭ ئادەتتە خېلى تېز ساقىيىدىغانلىقىنى، بەدىنىنىڭ كېسەلگە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىنىڭ كۈچلۈك بولىدىغانلىقىنى، مۇزىكا ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەرنىڭمۇ كۆپ چاغلاردا ئوخشاش ئۈنۈمگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تاسادىپىي بايقىغان. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزى كىشىلەر مۇزىكىنى «ئالاھىدە ۋىتامىن» دەپ ئاتايدۇ. تەجرىبىلەر ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو ۋە چەت ئەللەردىكى نۇرغۇن داڭلىق مۇزىكىلارنىڭ ھەممىسىدە يۇقىرىدىكى بۇ خۇسۇسىيەتلەر بار ئىكەن.

(ئارزۇگۈل مەڭلىك تەرجىمە قىلدى)

# «مەھمۇت قەشقەرى» رومانىدىن دۇردانىلەر

△ ئادەم يوقسۇل بولسىمۇ، بىلىملىك بولغىنى ياخشى. ئالتۇن-كۈمۈشلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ ياتقان بىلەن بىلىمى بولمىسا، ئۇ بىر ياۋايى مەخلۇققا ئوخشايدۇ. ئۇنداق ئادەم ئۆزى باي بولسىمۇ، قەلبى گاداي كېلىدۇ.

△ دۆلەت ۋە بايلىق ۋاپاسىز كېلىدۇ. دانىشمەنلەر ياخشى كۈننى كۆرگەندە يامان كۈننى ئۇنتۇپ قالماسلىق ھەققىدە تەلىم بېرىدۇ. مۇبادا ياخشى كۈننىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، ھەممە نەرسە تۈگەشكەن تەقدىردىمۇ بىلىم بىلەن ھۈنەر ئۆلمەيدۇ. بىلىملىك ھۈنەرۋەن ھەرقانداق يەرگە بارسىمۇ خار بولمايدۇ.

△ كىمكى ئەقلىگە تايىنىپ ئوقۇش-ئۆگىنىش ئارقىلىق نۇسرەت تېپىش يولىنى تۇتمىسا، ئۇنىڭ غەپلەت ئىچىدە قىلغان دۇنيا-تىلەكلىرى ئىجاۋەت بولمايدۇ.

△ بىلىمسىز ئادەم ئاخىرقى ھېساپتا دىنىنىمۇ توغرا چۈشەنمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ. دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ پەرقىنىمۇ ئايرىۋالالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

△ كىمكى پەندىن ئىبارەت نۇرلۇق چىراغنى تاشلىۋېتىدىكەن، ئۆزى جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدا مۆكدەپ يۈرۈپ چىرىكلىشىپ كېتىدۇ ۋە ئاخىرى گۇمران بولىدۇ.

△ تارىخ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، مەدەنىيەتلىك خەلق ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىدۇ؛ مەدەنىيەتسىز خەلق ھامان زاۋاللىققا يۈزلىنىدۇ.

△ ئالىيجاناب ئادەملەر ئۆزى ئۈچۈنلا، راھەت كۆرۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈنمۇ، ئەل ئۈچۈنمۇ ياشاشنى بىلىدۇ؛ ئەل ئۈچۈن ئېغىر يۈكنى، قىيىنچىلىقلارنى ئۆز ئىختىيارى بىلەن يەلكىسىگە ئارتىدۇ.

△ ھايات يولى نېمە ئۈچۈن ئۈزۈلمەيدۇ؟ نېمە ئۈچۈن تۈگىمەيدۇ؟ يىراقنى كۆزلەيدىغان دانىشمەن ۋە ئۈمىدۋار كىشىلەر بوران-چاپقۇن، ئوي-چوڭقۇر ۋە ياكى تاغ-داۋانلارغا دۇچ كەلگەندىمۇ توختىماي ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ. ئالدىنقىلارنىڭ ئايىغى يەتمىگەن باياۋانلاردىن يول ئاچىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھاياتلىق يولى ئەۋلادمۇ-ئەۋلاد ئۈزۈلۈپ قالماي داۋاملىشىپ كېلىۋېرىدۇ. ئەزەلدىن شۇنداق بولغان، ھازىرمۇ شۇنداق، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

△ ئىرادىلىك، ئالىيجاناب كىشىلەر ئازاب-ئوقۇبەت، جاپا-مۇشەققەتلەر ئىچىدىمۇ بەخت يارىتىدۇ. مانا بۇ كۈرەش دېمەكتۇر. كۈرەشچان، باتۇر ئادەملەر بەختسىزلىك ئىچىدىن بەخت ئىزدەيدۇ.

△ قايسى خەلقنىڭ بىلىملىك ئادەملىرى كۆپ بولسا، شۇ خەلق دۇنيادا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ. خەلق ئۆز ئىچىدىكى بايلار بىلەن پەخىرلەنمەيدۇ. بەلكى ئۆز تارىخىدا ئۆتكەن ئالىملار، ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار، قەھرىمانلار، دانىشمەن سىياسەتچىلەر بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

△ دۇرۇس بولمىغان ئىشلارنى كۆرگەندە ھالال ياشاپ ئادەتلەنگەن ئادەمنىڭ ۋىجدانى قاينايدۇ. بوشاڭلارنى كۆرگەندە تىرىشچان، ئىشچان ئادەمنىڭ ئىچى تىت-تىت بولىدۇ.

*(ئۈرۈمچى تۇرۇقلۇق ئارمىيە شۆبە ئىنىستىتۇتىدىن **ئەلى راجى** تەۋسىيە قىلغان)*

# مەن ياقتۇرىدىغان ھېكمەتلەر

ئەگەر مەن چىن ئىنسان ئىكەنمەن، ماڭا شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.

**— ئەلشىر ناۋائى**

ئۆزۈڭنىڭ ئېغىر يۈكنى باشقىلارغا يۈدكۈزمە **— مەھمۇد قەشقەرى**

كىمدە مەرپەت بولىدىكەن، ئۇ ھەققىي ئىنساندۇر.

**— مۇھەممەت ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى**

ۋەدە قىلىپ بەرمەيدىغان نەرسىگە ۋەدە قىلمىغۇلۇق، ۋەدە قىلغان بولساڭ، ئۇنى تۇتۇپ قالمىغۇلۇق.

**— يۈسۈپ خاس ھاجىپ**

مەسئۇلىيەت دېگەنلىك ئۆزۈڭ قىلىدىغان ئىشقا ئىشتىياق باغلاش دېمەكتۇر.

**— (گېرمانىيە) گيوتى**

كىتاب ئوقۇش كىشىگە خۇشاللىق بېغىشلايدۇ، كىشىنى نۇرلاندۇرىدۇ، كىشىگە قابىلىيەت ئاتا قىلىدۇ.

**— (ئەنگلىيە) باكون**

پۇرسەت يوق! دېيىش دەل ئاجىزلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئىقرار نامىسى.

**— (فرانسىيە) ناپولېئون**

*(يۇقىرىقىلارنى **ئىدرىس بارات** تەۋسىيە قىلغان)*

قەلب چېرىغى: ھەرىكەت دورىنىڭ رولىنى ئوينىيالايدۇ، ئەمما بارلىق دورىلار ھەرىكەتنىڭ رولىنى ئوينىيالمايدۇ. — پىغاگور (ئىسمىر مۇھەممەت. ت)

## نـوشرىۋان ئادىل بىلـەن ۋەزىرى ئوتتۇرىسىدىكى سوئال - جاۋابلار

△ — ئادەملەر ئۈچۈن ياخشى ئىش قايسى؟

— ئىلىم ئۆگىنىش.

△ — ئىلىم قانداق نەتىجە بېرىدۇ؟

— كىچىك بولسالا ئۇلۇغ (چوڭ) بولسەن، كەمبەغەل بولسالا باي بولسەن.

△ — ياخشى ئادەمنى قانداق تونۇش مۇمكىن؟

— ئۈچ ئالامەت بىلەن: ئىلىم خۇمارلىقى، سېخىيلىقى ۋە ئوچۇق چىرايلىقى بىلەن.

△ — ئەڭ ياخشى ئىش قايسى؟

— ھېكىملەر ۋە ئالىملار مەجلىسىدە ئولتۇرۇش، ئۇلارنىڭ سۆھبىتىدىن مەنپەئەت ئېلىش.

△ — ئەڭ يامان ئىش نىمە؟

— تىلەمچىلىك قىلىش.

△ — بىلىملىك، ئالىم دەپ قانداق ئادەمنى ئاتايدۇ؟

— ئۆزىنى باشقىلاردىن كەمتەر ۋە تۆۋەن بىلىدىغان ئادەمنى.

△ — ئادەمنىڭ ياخشى- يامانلىقى قانداق بىلىنىدۇ؟

— قېرىغاندا ياشلىقىدىكى چوڭچىلىقىنى بايان قىلىش ۋە كەمبەغەلچىلىكتە باي ۋاقتىدىكى ئىشلىرىنى سۆزلەش بىلەن.

△ — دوستنى قانداق چاغدا بىلگىلى بولىدۇ؟

— ھاجىتىڭ چۈشكەندە.

△ — قابىلىيەتسىز پەرزەنت نىمىگە ئوخشايدۇ؟

— ئوشۇق ئۆسكەن بارماققا. كەسسەڭ ئاغرىيدۇ، كەسمىسەڭ ئەيىب ھېسابلىنىدۇ.

△ — مۇھەببەت قانداق كۈچىيىدۇ؟

— ئەيىبنى يوشۇرۇش بىلەن.

— تېۋىپ داۋالىيالمايدىغان كېسەللىك قايسى؟

— ئەخمەقلىق ۋە ئەبلەخلىق .

△ — ياشاشتىن ياخشىراق، ئۆلۈمدىن يامانراق نەرسە نىمە؟

— ھاياتتىن ياخشىراق نەرسە — ياخشى نام؛ ئۆلۈمدىن يامانراق نەرسە — بەدنام.

△ — ئادەم قايسى ئىشى بىلەن باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ؟

— «توغرىلىق ۋە ئوچۇق چىراي»لىقى بىلەن.

△ — دوست يارىماس كىشىگە ئايلانسا، ئۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلۇش كېرەك؟

— ئۇنىڭ بىنىغا ئاز بېرىش ۋە ھالىنى سورىماسلىق بىلەن.

△ — ئەقىللىق ئادەم قانداق بولىدۇ؟

— كۆپنى بىلىدۇ، ئاز سۆزلەيدۇ.

△ — ئادەملەرنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈشى ئۈچۈن نىمە قىلىشىم كېرەك؟

— راست گەپ قىل، يالغان سۆزلىمە؛ بىرىگە مۇخالىپ كېلىدىغان ئىش قىلما؛ قول ۋە تىلىڭ بىلەن ئازار يەتكۈزمە.

△ — جاھاندا ئەڭ بەختلىك ئادەم كىم؟

— ئۆزىنى ساخاۋەت ۋە توغرىلىق بىلەن بېزىگەن ئادەم.

△ — قانداق ئادەمدىن بىرنەرسە سورىسا بولىدۇ؟

— سورىسا بېرەلەيدىغان ۋە ئۆزۈڭ سوراشقا پېتىنالايدىغان كىشىدىن.

△ — قانداق پەسلىك (تۆۋەنلىك) ھەممە يۈكسەكلىكلەردىن يۈكسەكرەك؟

— كەمتەرلىك.

△ — قانداق شېرىنلىكنىڭ ئاخىرى ئاچچىق؟

— ياشلىقنىڭ.

△ — ئادەم قانداق قىلسا تېۋىپقا مۇھتاج بولمايدۇ؟

— ئاز يەپ، ئاز ئۇخلىسا.

*(«ئەشيالار خاسىيتى، ۋىسال لەززىتى» ناملىق كىتابتىن **مۇقەررەپ توختى** تەۋسىيە قىلغان)*

ETHNIC UNITY

# دىئابىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلار

## 4 نى تولۇقلاپ تۇرۇشى كېرەك

شاۋكەت

دىئابىت كېسىلىنى داۋالاش جەريانىدا، كىشىلەر يېمەك-ئىچمەك جەھەتتە تىزگىنلەش لازىملىقىنى بەكرەك تەكىتلەپ، بىمارنىڭ يېمەكلىك جەھەتتە تولۇقلاپ تۇرۇشىغا سەل قارايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىرمۇنچە كىشىلەر ناھايىتى غورىگىل كۈن ئۆتكۈزۈش كېرەك ئىكەن، دەپ قالىدۇ. ئەمەلىيەتتە، دىئابىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلار يېمەكلىك جەھەتتە تولۇقلاپ تۇرۇشقا مۇھتاج بولىدۇ، يېمەكلىك جەھەتتە مۇۋاپىق تولۇقلاپ تۇرۇش باشقا ئەگەشمە كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى تىزگىنلەشكىمۇ پايدىلىق.

**1. خرومنى تولۇقلاش كېرەك.** خروم ئادەم بەدىنى ئېھتىياجلىق بولغان مىكرو ئېلېمېنت بولۇپ، ئادەم بەدىنىدىكى بىرمۇنچە فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدارلارنىڭ ئورۇندىلىشى، بولۇپمۇ كاربون سۇ بىرىكمىسىنىڭ ئالمىشىشى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينايدۇ. تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، خروم نىكوتىن كىسلاتاسى ۋە باشقا بەزى ئېلېمېنتلار بىلەن بىرلىشىپ گلۇكوزىغا چىداشلىق ئامىللارنى ھاسىل قىلىدىكەن، ئۇ ئىنسۇلىننىڭ ياردەمچى ئامىلى بولۇپ، ئىنسۇلىننىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، ئورگانىزمنىڭ گلۇكوزىنى قوبۇل قىلىشىنى تېزلەشتۈرىدۇ. كلىنىكىلىق تەكشۈرۈشلەردىن قارىغاندا، خروم كەمچىل بولغان ياشانغان كىشىلەردە ئاسانلا دىئابىت كېسىلى پەيدا بولىدىكەن، ئورگانىزمدا خروم تولۇقلىنىپ تۇرغاندا، قان تەركىبىدىكى شېكەر ماددىسىنى تۆۋەنلىتىشكە پايدىلىق بولۇپ، ئەگەشمە كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى تىزگىنلىگىلى بولىدۇ. يېمەكلىكلەرنىڭ بىر مۇنچىسىدا خروم تەركىبى بولسىمۇ، بەكمۇ تۇجۇپىلەپ ياسالغان بىر قىسىم يېمەكلىكلەردە خروم يوق دېيەرلىك بولىدۇ. ھايۋانلارنىڭ جىگىرىدە، قاپاقلىق زەمبۇرۇغ، كاللەكسەي، ماش، دېڭىز مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنىڭ تەركىبىدە خروم كۆپرەك بولغاچقا، بىمارلار مۇۋاپىق يوسۇندا تاللاپ ئىستېمال قىلسا بولىدۇ.

**2. ماگنىينى تولۇقلاش كېرەك.** دىئابىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ كۆرۈش پەردىسىدىكى ئۆزگىرىش ئەما بولۇپ قېلىشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ھېسابلىنىدۇ. دىئابىت كېسىلىنىڭ يۈرەك قان تومۇرلىرى كېسىلىنى پەيدا قىلىشى ئاشۇ كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كېتىش ھادىسىسىنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى بولىدۇ. يېڭى تەتقىقاتلار شۇنى چۈشەندۈردۈكى، ماگنىي كەملىكى يۇقىرىدىكى ئەگەشمە كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەن. تېببىي خادىملار بىمارلارغا قان تەركىبىدىكى شېكەر ماددىسىنى تۆۋەنلىتىشنى تاپىلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماگنىينى تولۇقلاشقىمۇ سەل قارىماسلىقى كېرەك. بۇنداق قىلىش دىئابىت كېسىلىنىڭ ئەگەشمە كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىنى ئازايتىش ۋە ئۆلۈم ھادىسىسىنى تىزگىنلەشتە سەل قاراشقا بولمايدىغان تەدبىردۇر. قارا ئاشلىق، ماش- پۇرچاق تىپىدىكى ئاشلىقلار، قاتتىق شاكاللىق مېۋىلەر ۋە يېشىل يوپۇرماقلىق كۆكتاتلاردا ماگنىي تەركىبى كۆپرەك بولىدۇ. ئۇلارنى كۆپرەك ئىستېمال قىلىش پايدىلىق، قاتتىق سۇنى ئىستېمال قىلىشمۇ ئەگەشمە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق.

**3. كالتسىينى تولۇقلاش كېرەك.** ئادەتتىكى كىشىلەرمۇ ئاسانلا بولۇپ تۇرىدىغان سۆڭەك بوشىشىپ كېتىش كېسىلى دىئابىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلاردا تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. شېكەر تەركىبىنىڭ ئۇزاقلارغىچە يۇقىرى بولۇۋېرىشى سۈيدۈكنى تولىمۇ راۋانلاشتۇرۇۋېتىپ، ناھايىتى كۆپ مىقداردىكى كالتسىي ماددىسىنى سۈيدۈك ئارقىلىق چىقىرىۋېتىپ، قان تەركىبىدىكى كالتسىينى ئازايتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، دىئابىت كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلار چېنىقىشنى كۈچەيتىپلا قالماي، كالتسىينى قوبۇل قىلىشنى كۆپەيتىپ بېرىشكىمۇ دىققەت قىلىشى كېرەك.

ئادەتتە تەركىبىدە كالتسىي مول بولغان كالا سۈتى، سۆڭەك شورپىسى، دېڭىز مەھسۇلاتلىرى، باقلا قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىپ تۇرۇشى كېرەك.

**4. بېلىق مېيىنى تولۇقلاش كېرەك.** مۇناسىۋەتلىك تېببىي خادىملارنىڭ ئەمەلىيەت ۋە كلىنىكىلىق كۆزىتىشلەردىن بايقىشىچە، LPA نىڭ دىئابىت كېسىلى، قان تومۇر كېسىلى ۋە يۈرەك كېسىلى

ETHNIC UNITY

بىلەن مۇناسىۋەتى كۈچلۈك بولۇپ، LPA سەۋىيىسىنى تۆۋەنلەتكەندە ئەگەشمە كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدىكەن. بېلىق مېيىنى كۆپ مىقداردا ئىشلەتكەندە LPA قان كېسەلى كۆپ بولۇش مەسىلىسىنى تۆۋەنلەتكىلى بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەكس تەسىرىمۇ بولمايدىكەن، شۇنىڭغا ئاساسەن، بىمارلارنىڭ سەمىگە سېلىپ قويۇش كېرەككى، بېلىق مېيىنىڭ تەركىبىدە مايغىنىڭ جىق بولغانلىقى بىلەن ئۇنى يېيىشتىن ھەزەر ئەيلەپ كېتىشى بىھاجەت.

دېمەك، خروم، ماگنىي، كالتسىي ۋە بېلىق مېيى دىئابېت كېسىلىگە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ تولۇقلاپ تۇرۇشىغا تېگىشلىك ماددىلاردۇر.

## چىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغۇچىلارغا خۇش خەۋەر

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كۇچا ناھىيىلىك قىزىل كرېست جەمئىيىتىنىڭ چىش كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش داۋالاش مەركىزى بىر قانچە يىلدىن بۇيان چىش كېسەللىكلىرىنى داۋالاش، چىش سېلىش جەھەتتە ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

بۇ ئورۇننىڭ چىش ئاغرىقىنى داۋالاش ئۇسۇلىرى چىش سېلىش، چىش زىننەتلەش تېخنىكىسى جەنۇبىي شىنجاڭ بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ، ئۇلار شىنجاڭ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى دوختۇرخانىلار بىلەن تېخنىكا ھەمكارلىقى ئورناتقان، بۇ ئورۇننىڭ مەسئۇلى، تەجرىبىلىك دوختۇر ئېزىز مۇھەممەت بىمارلارنىڭ كېلىپ كېسەل كۆرسىتىشىنى، تېلېفون ياكى خەت ئارقىلىق مەسلىھەت سورىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ، دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ كېسەل كۆرىدۇ.

ئادرېس: كۇچا ناھىيە يېڭى شەھەر 314 - دۆلەت يولى بويىدىكى كىيىم - كېچەك توپ سېتىش بازىرى ئارقا بىنا 2- قەۋەتتە.

تېلېفون نومۇرى:7124002 (0997)

ئالاقىلەشكۈچى: ئېزىز مۇھەممەت

پوچتا نومۇرى:842000

## بىمارلار ئۈچۈن خۇش خەۋەر

ئاپتونوم رايونلۇق پىلانلىق تۇغۇت تېخنىكا يېتەكلەش ئورنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان كۆپىيىش سىستېمىسى ۋە جىنسىيەتكە دائىر تەتقىقات، داۋالاش بىلەن شۇغۇللىنىپ، بۇ ساھەدە نوپۇزلۇق ئورگان بولۇپ قالدى. بۇ ئورگان تەسىس قىلغان «بۇغدا ئامبولاتورىيىسى» تەجرىبىلىك دوختۇر ئەركىن ھاشىمنىڭ باشچىلىقىدا ئەر - ئاياللارنىڭ پەرزەنت كۆرەلمەسلىك،جىنسىي ئىقتىدار ئاجىزلىقى، مەزى بېزى ياللۇغى، ھەر خىل ئاياللار كېسەللىكلىرى، سۆزنەك، سېلىس ۋە باشقا يۇقۇملۇق جىنسىي كېسەللىكلەرنى داۋالاشتا ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

بۇ ئامبولاتورىيە يەنە پەرزەنت كۆرۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دورا بىلەن بالا چۈشۈرۈش، خەتنە ئوپېراتسىيىسى قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئارتۇقچىلىقى بىلەن ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

«بۇغدا ئامبولاتورىيىسى» ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن ئاقسۇ شەھىرىدە داۋالاش ئورنى قۇردى. بۇ ئورۇن ئەسۋاب- ئۈسكۈنە، داۋالاش تېخنىكىسى قاتارلىق جەھەتلەردە تولۇق يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن بولۇپ، «بۇغدا ئامبولاتورىيىسى» بىلەن ئوخشاش سەۋىيىگە ئىگە.

بۇ 2 ئامبولاتورىيە كەڭ بىمارلارنىڭ كېلىپ كېسەل كۆرسىتىشىنى، تېلېفون ياكى خەت ئارقىلىق مەسلىھەت سورىشىنى قىزغىن قارشى ئالىدۇ. بىمارلارنىڭ مەخپىيەتلىكىنى قەتئىي ساقلايدۇ، دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ كېسەل كۆرىدۇ.

ئۈرۈمچىدىكى ئادرېسى: ئۈرۈمچى بۇلاق بېشى كوچىسى 153- قورۇ. (1- يول، 101 - يول ئاپتوبۇسلىرىغا ئولتۇرۇپ سەنشىخاڭزا بېكىتىدە چۈشۈپ رابىيە قادىر سودا سارىيىنىڭ ئالدىدىن سەھىيە نازارىتى تەرەپكە قاراپ 200 مېتىر ماڭسىڭىز بولىدۇ)

تېلېفون نومۇرى: 2306919 (0991)

ئاقسۇدىكى ئادرېسى: ئاقسۇ شەھىرى قىزىل كۆۋرۈك ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسى بىناسىنىڭ 3-قەۋىتىدە.

ETHNIC UNITY

# كۈلكە خۇرۇچلىرى

## مەشهۇر زاتلار ھەققىدىكى يۇمۇرلار

### پەيلاسوپ

بىر دانىشمەن ئوغلىغا دەپتۇ:

— بالام، توي قىلىش يېشىڭغا تولغاندا، ئەگەر ئەقىللىق مېھرىبان خوتۇن ئالساڭ، بەختكە ئېرىشىسەن؛ ئەگەر بىر گالۋاڭ هازازۇل خوتۇن ئېلىپ قالساڭ، پەيلاسوپ بولۇپ يېتىشىسەن.

### ئويلىغان يەردىن چىقىش

سوقرات ناھايىتى ئەدەب - قائىدىلىك ئالىم ئىدى، ئۇنىڭ خوتۇنى بولسا تىپىك بىر هازازۇل خوتۇن ئىدى، ئۇنىڭ خۇيى تۇتۇپ قالغاندا، ۋارقىراش - جارقىراشلىرىغا قولۇم - قوشنىلىرىمۇ چىداپ تۇرالمايتتى. سوقرات بولسا ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ: «مۇشۇنداق خوتۇننى ئالغىنىمنىڭمۇ پايدىسى بار، مېنىڭ سەۋرى- تاقەت ئىقتىدارىمنى تاۋلايدۇ، تەربىيلىنىش سەۋىيەمنى ئۆستۈرىدۇ» دەيتتى.

بىر كۈنى، سوقراتنىڭ خوتۇنى يەنە ئۇنىڭغا ئاچچىقلاپ ۋارقىراشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ئەلپازىدىن ئېرىنى يەۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى.

سوقرات قېچىپ قۇتۇلۇش خىيالىغا كەلدى-دە، ئىنادىن چىقىپ دالادا سەيلى قىلىش ئۈچۈن ماڭدى. ئۇ ئەمدىلا دەرۋازىدىن چىقىشىغا، خوتۇنى ئۇستىدىكى قەۋەتتىن بىرداس سۇنى سوقراتنىڭ بېشىغا چېچىپ، ئۇنىڭ ئۇستىبېشىنى چىلىق-چىلىق ھۆل قىلىۋەتتى. سوقرات ئۇنىڭغا قارىتا: «گۈلدۈرمامىدىن كېيىن قاتتىق يامغۇر ياغىدىغانلىقىنى بالدۇرلا پەملىگەنتىم دەرۋەقە ھازىر ئويلىغىنىمدەك بولدى!» دەپلا قويدى.

### كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان مايمۇن

دۇنياغا مەشهۇر بىئولوگىيە ئالىمى دارۋىن بىر قېتىملىق زىياپەتتە بىر چىرايلىق ياش خېنىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ھېلىقى چىرايلىق خېنىم دارۋىننى تونۇۋېلىپ، مازاق قىلىش تەلەپپۇزى بىلەن سوراپتۇ:

- ھۆرمەتلىك دارۋىن ئەپەندى، - سىز ئادەمنى مايمۇندىن ئۆزگەرگەن دەپسىز، شۇنداقمۇ؟

- شۇنداق، - دەپتۇ دارۋىن جاۋابەن.

- ئۇنداقتا، - دەپتۇ ھېلىقى چىرايلىق خېنىم تەكەببۇرلۇق بىلەن، - مېنىڭچە، مەن سىزنىڭ ھۆكۈمىڭىزنىڭ دائىرىسىگە كىرمەيمەنغۇ، دەيمەن.

- كەچۈرۈڭ، - خېنىم دەپتۇ دارۋىن، - سىزمۇ مايمۇندىن ئۆزگەرگەن، بىراق، سىز ئادەتتىكى مايمۇندىن ئەمەس، بەلكى كىشىنى ئىنتايىن مەپتۇن قىلىدىغان مايمۇندىن ئۆزگەرگەن.

### ۋالاقتەككۇر

ئېدىسون پاتېفوننى كەشىپ قىلغاندىن كېيىن، نام - شۆھرىتى بىراقلا ئەل - جامائەتكە تارقاپتۇ. بىر قېتىملىق زىياپەتتە، بىر خانىم ئېدىسوننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇۋېلىپ، ئۆز يېنىدا ئولتۇرغان ئېدىسوننى ئاغزى بېسىلماي ماختاپ ئۈچۈرغىلى تۇرۇپتۇ، ئاخىرىدا ئۇ خانىم:

- ئېدىسون ئەپەندى، سىز ھەقىقەتەن كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك ئىش قىلىپسىز، سىز گەپ قىلالايدىغان ماشىنا كەشىپ قىلىپسىز ئەمەسمۇ! - دەپتۇ.

ئېدىسون بىتاقەت بولغان ھالدا بېشىنى چايقاپ:

- گەپ قىلالايدىغان ماشىنىنى تەڭرى ئىنكەم ئىرىم باغدا ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋۇرغىسىدىن ياسىغان، مېنىڭ كەشىپ قىلغىنىم پەقەت مۇۋاپىق پەيتتە توختىتىپ قويغىلى بولىدىغان گەپ قىلىش ماشىنىسىدىن ئىبارەت خالاس، - دەپتۇ.

### ئەپۇ سوراش

پوشكىن ياش ۋاقتىدا بىر قېتىم پېتىربورگدىكى بىر ئېسىلزادىنىڭ ئائىلە تانسىسىغا قاتنىشىپتۇ. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ياش بىر ئاقسۆڭەك خېنىمنى تانسىغا تارتىپتۇ. ئۇ خېنىم ھاكاۋۇرلۇق بىلەن پوشكىنغا:

- مەن كىچىك بالا بىلەن تانسا ئوينىمايمەن، - دەپتۇ.

پوشكىن خاپا بولماي، بەلكى ئەدەپ بىلەن ئۇقىزغا تەزىم قىلغاندىن كېيىن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ دەپتۇ:

- كەچۈرۈڭ! سۆيۈملۈك خېنىم، مەن سىزنىڭ قورسىقىڭىزدا بالىڭىز بارلىقىنى بىلمەپتىمەن.

### يۇرتىغا قايتىش

بىر قېتىم داڭلىق ناخشىچى كىرلوۋسكى ئۆزىنى ستالىننىڭ ناھايىتى قەدىرلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ستالىنغا

كۈلكە خۇرۇچلىرى

## كۆلكە خۇرۇچلىرى



— سۆيۈملۈكۈم ...



قىز: «ئەگەر بىرلا نەرسە دېيىشكە توغرا كەلسە، سىزنىڭ مېنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان نەرسىگىز يانچۇقىڭىزدىكى پۇلىڭىز.

ئۆلتىماس قىلىپ، — «مەن چەت ئەلگە چىقىپ باقمىغانىدىم، شۇڭا مەن...»

— قېچىپ كەتمەيدىغانسەن؟ — سوراپتۇ ستالىن.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ، يولداش ستالىن، مەن ئۇچۇن يۇرتۇمنىڭ پىزا-قىشلاقلىرى چەت ئەلدىن سۆيۈملۈك تۇرسا.

— توغرا، ئەزىمەتتەك گەپ قىلدىڭ، ئۇنداق بولسا يۇرتۇڭغا بېرىپ كەل، — دەپتۇ ستالىن.

### قورقۇنچاق

ستالىننىڭ يېنىدىكى خىزمەتچىلەر ستالىندىن بەكمۇ قورقاتتى، ئۇنىڭ ئالدىدا دائىم جىددىيلىشىپ، ھودۇقۇشىدىن دەيدىغان گېپىنىمۇ تاپالماي قالاتتى. بىر قېتىم رېژىسسور كورنېتسېۋ ئۆزى رېژىسسورلۇق قىلغان بىر كىنو فىلىمىنى قويۇپ بېرىدۇ ۋە ستالىننىڭ بۇ فىلىمگە قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلمەكچى بولىدۇ. دەل شۇ چاغدا ستالىننىڭ ياردەمچىسى بوسكرېبېۋ كېلىپ بىر باغاقچىنى ستالىنغا سۇنۇپ چىراغنى ياندۇرىدۇ. ستالىن باغاقچىنى كۆرۈپ، بەخىرامان ھالدا «بولمايدۇ» دەيدۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان كورنېتسېۋ شۇ ھامان ھوشىدىن كېتىدۇ. «بۇ بىچارە ھوشىغا كەلگەندە ئېيتىپ قويۇڭلار دەپ ستالىن، — مەن ئۇنىڭ كىنوسىنى ئەمەس، باغاقچىنى بولمايدۇ، دەۋاتىمەن. پۈتۈن ياۋروپا ستالىننى ‹بولمايدۇ› دەۋاتقان بولسىمۇ مەن ئايلىنىپ كەتمىدىمغۇ...».

### ئۇ ستالىننىڭ شىمنى مەينەت قىلىۋەتتى

كىنو ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ رەئىسى بورشاكېۋ كىنو فىلىمىنى قويۇپ بولغاندىن كېيىن، ستالىننىڭ بۇ كىنونى تەستىقلاپ بېرىشى ئۈچۈن ستالىنغا قەلەم بېرىدۇ. قېرىشقاندەك قەلەم چىققىلى ئۇنىمايدۇ. بورشاكېۋنىڭ چىرايى تاتىرىپ كېتىپ، ستالىننىڭ قولىدىن قەلەمنى دەرھال ئېلىپ قاتتىق سىلكىشىگە قەلەمنىڭ رېڭى ئەڭ ئالىي قوماندان — ستالىننىڭ شىمىگە چاچراپ بۇلغىنىۋېتىدۇ. بۇنى كۆرۈپ بورشاكېۋ بۇتتەك قېتىپلا قالىدۇ. ستالىن بورشاكېۋنىڭ قورققىنىدىن قېتىپلا قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ھەي، بورشاكېۋ، قورقۇپ كەتتىڭما؟ يولداش ستالىننىڭ مۇشۇنىڭدىن بۆلەك شىمى يوق چېغى، دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ؟ — دەيدۇ.

## كۆلكە خۇرۇچلىرى

ETHNIC UNITY

## ھەربىر سوئالغا ھەربىر جاۋاب

**سوئال:** بەزىلەر، مۇھەررىرلەر ئەسەر تاللاش ۋە ئىشلىتىشتە تونۇش - بىلىشلىرىنىڭكىنى ئالدىن ئويلىشىدۇ، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر، ھەرقانداق تەھرىر بۆلۈمدە چوقۇم بىردىن ئارقا ئىشىك بولىدۇ، دەيدۇ. ئۇنداقتا، ھۆرمەتلىك مۇھەررىر، سىلەرنىڭ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىڭلارنىڭ ئارقا ئىشىكى زادى قەيەردە ۋە سىلەرگە نېمىلەر لازىم ئىكەنلىكىنى ماڭا ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

*- بۇگۇر ناھىيىسىدىن: تۆمەر مۇھەممەت*

**جاۋاب:** ھازىر ئۇغرى - يالغانىنىڭ كۆپلۈكىدىن بىر ئىشىكنىڭ ھۆددىسىدىن ئاران چىقىۋاتىمىز، لېكىن سىزدەك جان كۆيەر ئوقۇرمەن، ئاپتورلىرىمىز ئۈچۈن تەھرىر بۆلۈممىزنىڭ ئىشىكى ھەمىشە داغدام ئوچۇق قېنى قەدەم تەشرىپ قىلىڭ، بىزگە يارىغۇدەك بىرەر پارچە ئەسىرىڭىز بولسىلا كۇپايە، ئەسىرىڭىزنى ئالغاچ كەلسىڭىزلا ئالدى ئىشىكتىن ئۆزىمىز يېتىلەپ ئەكىرىپ كېتىمىز.

**سوئال:** ھۆرمەتلىك مۇھەررىر، يېقىندا مەن بىر ھۈنەرۋەنگە شاگىرتلىققا كىرگەنىدىم. بىراق خېلى كۈنلەر ئۆتكەن بولسىمۇ ئۇستام ماڭا ھۈنەرنىڭ ئاددىي قائىدىلىرىنىمۇ چۈشەندۈرۈپ بەرمىدى. قانداق قىلسام ئۇستام ماڭا ھۈنەر ئۆگىتىپ قويار؟

*- قەشقەر شەھەر ئوردا ئالدى بازىرىدىن: ئەنۋەرجان*

**جاۋاب:** ئالدى بىلەن بالا ۋە قوي - كالا بېقىشنى ئاندىن ھويلا – ئارامىلارنى سۈپۈرۈپ، سۇ توشۇشنى ئۆگىنىۋېلىڭ.

**سوئال:** ھۆرمەتلىك مۇھەررىر، ئادەم ئۆمرىدە پەقەت ئازمايمەن، دەپ ئېيتالمايدىكەن. مەنمۇ مۇشۇ ياشقا قەدەر بىرنەچچە قېتىم ئازغان. بىراق سىزدىن شۇنى سوراپ باقاي، ئادەم ئۆمرىدە قايسى ۋاقىتتا ئەقلىدىن ئەڭ تېز ئازىدۇ؟

*- غۇلجا شەھەر شەرق مەھەللىدىن: ھەسەنجان*

**جاۋاب:** ئەقلىدىن نەپسى ئۈستۈن كەلگەندە.

**سوئال:** مەن ئادەتتە ئۆي ئىشلىرىغا كۆپرەك ئارىلىشىمەن. بىر كۈنى مۇنداق بىر قىزىق ئىش بولدى، ئوچاقتا ئوتتۇن سېلىپ ئۆرۈلۈپ - چۆرۈلۈپ نۇرغۇن قېتىم پۈۋلىسەممۇ ئوت زادىلا تۇتاشمىدى، بۇنى كۆرۈپ تۇرغان خوتۇنۇم دەرھال ئوچاق ئالدىغا كېلىپ، چاپىنىنىڭ بىر پېشىنى مۇرىسىگە ئارتىپ ئولتۇرۇپ بىرلا قېتىم پۈۋلىۋىدى، ئوت لاپپىدە تۇتۇشۇپ كەتتى. ھۆرمەتلىك مۇھەررىر، بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەمسىز؟

*- تۇرپان شەھىرىدىن: ئەركىن كايىت*

**جاۋاب:** خوتۇنىڭىزنىڭ ئوت پۈۋلەش ماھارىتى ئۈستۈنكەن. بۇنى بىلمىگەنمىدىڭىز؟

**سوئال:** مەن بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرمەكچى ئىدىم، بىر دوستۇم ماڭا: سەن ئىمتىھاندىن ئۆتەلىسەڭ كۈن غەربتىن چىقىدۇ، دەيدۇ. ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ قالسام كۈن راستىنلا غەربتىن چىقىپ قالارمۇ؟

*- يوپۇرغا ناھىيە ئەشمە بېزىلىق مالىيە پونكىتىدىن: ئابلىكىم يۇنۇس*

**جاۋاب:** ياخشىسى سىز كۈننىڭ غەربتىن چىقىپ قېلىشىدىن ئەمەس، ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەسلىكىڭىزدىن ئەنسىرەڭ!

**سوئال:** ھۆرمەتلىك مۇھەررىر، مېنىڭ 8 - سىنىپتا ئوقۇۋاتقان بىر ئوغلۇم بار ئىدى، مەكتەپنىڭ ھەر مەۋسۇملۇق ئىمتىھانلىرىدا ئادەتتىكى دەرسلەردە نەتىجىسى پەقەتلا ياخشى ئەمەس. ئەمما تەنتەربىيە ئىمتىھانىنىڭ ۋالىبول، ۋاسكېتبول تۈرلىرىدە نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولماقتا. ھۆرمەتلىك مۇھەررىر بالام نېمە ئۈچۈن باشقا دەرسلەردىمۇ

ھەربىر سوئالغا ھەربىر جاۋاب

ETHNIC UNITY

تەنتەربىيە دەرسىدىكى ئىمتىھانغا ئوخشاش ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ؟

*- ئۈرۈمچى شەھىرى شۇيمۇگو رايونىدىن: ئابلاجان ھېيت*

**جاۋاب:** سىز دېگەن تەنتەربىيە تۈرلىرىدىكى ئىمتىھاننى باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ بەرگىلى بولىدۇ، ئەمما باشقا دەرسلەردىكى ئىمتىھانلارنى باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ بەرگىلى بولمايدۇ ئەمەسمۇ.

**«جاۋاب بېرىڭ» گە جاۋابلار**

**سوئال:** بېرەلمىگەچ ئىدارەم ئايلىق،
مەن ئايلاندىم پۇلسىز - پۇچەككە.
ئېخنىكىدا قىلساڭلار ياردەم،
مەن كىرمەكچى ئۈچ ئاي ئۈچەككە.

**جاۋاب:** پۇل بولمىغاچ يېمەك - ئىچمەككە،
كىرمەك بوپسىز ئۈچەككە ئۈچ ئاي.
بىز ساۋاتسىز قىشلىق ئوقۇيدۇ،
ئۇستاز تۇتۇڭ پاقىنى بىر ئاي.

*- سوئال قويۇپ جاۋاب بەرگۈچى: غۇلجا ناھىيىلىك دوختۇرخانىدىن: ئابلىكىم غوپۇر*

**سوئال:** كونىلار «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دېيىشكەن، مەن يانچۇقۇمغا لىق پۇل تولۇشقۇزۇپ جاڭگالغا بارسام، شورپىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمىدى، مەن ئىزدىگەن شورپا زادى قايسى جاڭگالدا؟

(1998 - يىللىق 4 - ساندا)

**جاۋاب:** «پۇل ھەممىگە قادىر ئەمەس» دېگەن ھېكمەتكە پىسەنت قىلماي، يانچۇقىڭىزغا لىق پۇل تولۇشقۇزۇپ شورپا ئىزدەپ جاڭگالغا بېرىشىڭىز ئۆزى ئەخمەقلىق.

- قەشقەر شەھەر ئۆستەڭبويى كوچا باشقارما گۈلباغ ئاھالىلەر كومىتېتى 2 - گۇرۇپپا 20 - ئۆيدىن: مۇختار ئابلىز

**سوئال:** ھۆرمەتلىك مۇھەررىر، مېنى مەكتەپتىكىلەر «ھەم خىيالىي، ھەم زېھىنلىك» دەپ تەرىپلەيدۇ. زادى ئىككىسىنىڭ قايسىسى بولغىنىم ئەلا ياخشى؟

(1998- يىللىق 5 - ساندا)

# ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

# ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب

**جاۋاب:** سىز ئىش ۋاقتىدا زېھىنلىك، دەم ئېلىش ۋاقتىدا خىيالىي بولغىنىڭىز ياخشى.

*خوتەن دارىلمۇئەللىمىن 1997 - يىللىق ئومۇمىي پەن 1 - سىنىپتىن: روزىھاجى ئوسمان*

**سوئال:** مەن توي قىلىش ئالدىدا تۇرغان بىر يىگىت ئىدىم، ئاڭلىسام كونىلاردا: «توي قىلدىڭ بالاغا قالدىڭ، توي قىلمىساڭ تالادا قالدىڭ» دېگەن بىر ماقال بار ئىكەن. شۇڭا توي قىلاي دېسەم بالاغا قېلىشىمدىن، توي قىلماي دېسەم تالادا قېلىشىمدىن بەكلا ئەنسىرەۋاتىمەن. تالادىمۇ قالمايدىغان، بالاغا قالمايدىغان چارە يوقمۇ؟

(1998 - يىللىق 6 - ساندا)

**جاۋاب:** نېمىگە ئىككىلىنىسىز يىگىت، بالاغا قالسىڭىزمۇ تالادا قالماڭ، «ئوتنىڭ ئېشىدا كۆيگەندىن ئىچىدە كۆيگەن ياخشى» دېگەن سۆزنى ئۇنتۇپ قالماڭ.

## جاۋاب بېرىڭ

**1. سوئال:** بەزىلەر، بۇ ئالەم ئالتە كۈنلۈك ئالەم، دەيدىكەن. يەنە بەزىلەر، بۇ ئالەم ئۇزاق ئالەم، دەيدىكەن. سىزنىڭچە، بۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسى راست؟

*- قەشقەر شەھەر ئۆستەڭبويى كوچا باشقارما گۈلباغ ئاھالىلەر كومىتېتى 2 - گۇرۇپپا 20 - ئۆيدىن: مۇختار ئابلىز*

**2. سوئال:** نۇرغۇن كىشىلەر ھەر بىر ئادەمنىڭ ئاسماندا بىردىن يۇلتۇزى بولىدۇ، دېيىشىدىكەن. راستىنلا شۇنداق بولسا مېنىڭ يۇلتۇزۇمنى تېپىپ بېرەلەمسىلەر؟

*- يوپۇرغا ناھىيە ئەشمە يېزىلىق سۇ پونكىتىدىن: ئەمەتجان قادىر*

(بۇ سەھىپىنى خەمىت نېمەت تەييارلىدى)

ETHNIC UNITY

# ئۇنتۇلماس ئۇچرىشىش، مەڭگۈلۈك يالداما

ماخمۇت مۇھەممەت



ئاپتور ئاتاغلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭ بىلەن بىللە

**ۋاڭ مېڭ: «سىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ بىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئىللغار تەرەپلىرىڭلار بار، ئاددىيسى، بوۋاقنى بۆشۈكتە باقىدىغان، كىگىز - كۆرپىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرىدىغان، ئاپتۇۋىدا يۈز - قول يۇيىدىغان ئادەتلىرىڭلار ھەقىقەتەن ئىلمىي، پاكىز؛ ئۇيغۇرلارنىڭ پاكىزە، سەرەمجان ئۆي تۇتۇشلىرىغا، ھويلا - ئارامىلىرىدا گۈل - گىياھلارنى ئۆستۈرۈش ئادەتلىرىگە بەك زوقلىنىمەن».**

نويابىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى بېيجىڭ ھاۋاسى يۇرتىمىزنىڭ ئالتۇن كۈزىدىكى كىلىماتىغا تازىمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئەنە شۇنداق سالقىن بىلەن ئىسسىق قۇچاقلاشقان بىر كۈنى ئاتاقلىق يازغۇچى ۋاڭ مېڭنىڭ ئۆيىدە زىيارەتتە بولدۇق.

بۇ 1997 ـ يىلىنىڭ 17 ـ نويابىر كۈنى چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىت ئىدى. مەرھۇم ئۇستازىم زوردۇن سابىر بىلەن بېيجىڭ چاۋنېي شىمالىي تارماق كوچىسىدىكى 46 ـ نومۇرلۇق قورۇ ئالدىدا تاكسىدىن چۈشتۇق ـ دە، كونىچە پاسوندىكى ئارا دەرۋازىغا ھۆرمەت سېزىمى بىلەن نەزەر سالدىم.

مەن كىچىك ۋاقتىمدىن تارتىپ نامىنى ئاڭلاپ كەلگەن، تونۇپ يەتكەن، كېيىنكى كۈنلەردە «زەڭگەر كۆز»، «ئاھ، مۇھەممەت ئەمەت» قاتارلىق ھېكايىلىرىنى، بولۇپمۇ يۇرتۇم غۇلجا ھەققىدىكى تۇرمۇش پۇرىقىغا، چىنلىققا باي نۇرغۇن ئەسەرلىرىنى زوقلىنىپ ئوقۇغان، يۇمۇرىستىك ئۇسلۇبى بىلەن ماڭا كۆپرەك ياقىدىغان ۋاڭ مېڭ ئاقساقالنىڭ ھويلىسىغا خۇشال كەيپىيات ۋە ئىشەنچ بىلەن كىردۇق. ئۇ بىزنىڭ كېلىدىغىنىمىزنى چۈشتىن ئىلگىرى زوردۇن ئاكىنىڭ تېلېفونى ئارقىلىق ئۇققاندى.

ــ ۋاڭ مېڭ سىلەرنى ئۆيگە باشلاپ تۇرۇشنى ماڭا تاپىلاپ، ئۆزى دوختۇرخانىغا كېتىپ قالغان. بىردەمدىلا يېتىپ كېلىدۇ، قېنى، بۇياققا مەرھەمەت! ـ ۋاڭ مېڭنىڭ ئايالى، مېنىڭ ئوقۇتقۇچۇم، ھېلىغىچە تېتىك ـ مۇلايىملىقىنى يوقاتمىغان سۈي رۇيفاڭ مۇئەللىم ئەنە شۇنداق سۆزلەر بىلەن بىزنىڭ ئالدىمىزغا چىقتى. بۇنىڭدىن 30 يىل ئىلگىرى غۇلجا شەھەرلىك 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە بىزگە بىر مەھەل ئۇستاز بولغان بۇ خوشپېچىم، ئاق پىشماق ئايالنى بىر قاراپلا تونۇۋالدىم. ئۇ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا بىر ئاز سەمرىگەن، يىللار ئۇنىڭ چىرايىغا ئاز ـ تولا قورۇق سالغانىدى.

تۆت تەرىپىگە كونىچە پاسوندا ئۆيلەر چۈشكەن، سوزۇنچاق، پاكىز ھويلىنى ئەستايىدىل نەزەرىمدىن ئۆتكۈزۈۋېتىپ: بىر چاغلاردا باياندايدىكى ئۇيغۇر دېھقانلار بىلەن كۈنلەر ۋە تۈنلەر بىرگە ياشىغان، مۇڭداشقان، بۇ





شەيتان لۇغىتى: ماراق ــ زەھەر تەنلىك ساھىبجامال. (ئېلنجان نىياز)

نىڭدىن 33 يىل ئىلگىرى ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى بېتىدە مېنىڭ «سالچى» ناملىق ھېكايەمنى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، تەرجىمە ئەسىرى سۈپىتىدە خەنزۇچە «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرغان (كېيىنچە بۇ ھېكايە ۋاڭ مېڭ ئەسەرلىرى توپلىمىغا ۋە بىرنەچچە كوللېكتىپ توپلاملارغا كىرگۈزۈلگەن) ۋە شۇ تۈپەيلى ئۆزۈم دىدارلىشىش ۋە سۆھبەتلىشىشكە دائىم ئارزۇ مەندە بولغان مەشھۇر ئەدىب ۋاڭ مېڭ مۇشۇ ھويلىدا ياشايدۇ ـ ھە، دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

خىيال ۋە پاراڭلار ئىلكىدە ۋاڭ ئاقساقالنىڭ ھەشەمەتتىن خالىي مېھمانسارىيىغا كىرىپ ئولتۇردۇق. سۆي رۇيفاڭ مۇئەللىم خۇشال ھالدا بىزدىن قايتا ئامانلىق سورىدى. ئەينى يىللاردا 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان زوردۇن ئاكا سۆي مۇئەللىمگە مېنى تەپسىلىي تونۇشتۇردى. سۆي مۇئەللىم خۇشاللىقىدىن بېشىنى ھەدەپ لىڭشىتىپ كۈلگىنىچە:

ـ چوڭ بولۇپ كېتىپسىلەر، ئۇچاي ۋاقىتمۇ، ئوتتۇز نەچچە يىل بولدى ئەمەسمۇ، ـ دېدى. بالا ۋاقتىمدىكى 2 ئۇستازىم بىلەن مۆجىزىلىك ھالدا مۇشۇنداق جايدا بىرگە بولۇشتىن كۆڭلۈم بۆلەكچىلا سۆيۈنۈپ، راستىمنى ئېيتسام يىغلىغۇم كېلىۋاتتى.

ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي دەرۋازا ئالدىدا پىكاپ توختىغان ئاۋاز ئاڭلاندى ۋە ھويلىدا ۋاڭ مېڭ ئاقساقالنىڭ ئۆزىمۇ پەيدا بولدى. بۇ چاغدا سۆي مۇئەللىم شىرەگە تاتلىق ـ تۈرۈم، مېۋە ـ چېۋىلەرنى تىزىپ، بىزگە چاي دەملەش ئۈچۈن تاشكەنت نەقىشلىك چەينەك ـ پىيالىلىرىنى كەلتۈرۈپ تۇراتتى. ۋاڭ مېڭ بىزنى قىلچە قورۇنۇدۇرماي ئىشىكتىن كۈلكە ـ چاقچاق بىلەنلا كىرىپ كەلدى.

ـ زوردۇننىڭ ئاۋازىنى ئەتىگەنلا ئاڭلىۋالغانىدىم، مانا ئەمدى ئۆزىنىمۇ كۆردۈم. ئېكسكۇرسىيەگلار كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتامدۇ؟ جەمئىي نەچچە ئادەم كەلدى؟ ـ كۆرۈشۈشتىن كېيىنلا قىزغىن سۆھبەت باشلىنىپ كەتتى. زوردۇنكام بۇ قېتىمقى سەپىرىمىز ـ دۆلەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى ئۇيۇشتۇرغان، مىللەتلەر ئىتتىپاقى ژۇرناللىرى نەشرىياتىنىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى، ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ باش مۇھەررىرى، ئەدىب ئىدرىس بارات باشچىلىقىدىكى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ مەخسۇس ئىستون يازغۇچىلىرى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىنىڭ پائالىيەت ئەھۋالىدىن بىر قۇر بېشارەت بەردى. ئىككى ئاقساقالنىڭ يۇمۇرلۇق سوئال ـ جاۋابلىرى، چاقچاقلىرى جۇڭگوغا مەشھۇر يازغۇچى، سابىق مەدەنىيەت مىنىستىرىنىڭ ئۆيىنى تېخىمۇ يېقىملىق كەيپىياتقا چۆمدۈرۈۋەتتى.

ـ قېنى، چاي ئىچىڭلار، سىلەرنى كېلىدۇ دەپ، دوختۇرخانىدىن يانارىمدا مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر دۇكىنىدىن مانا مۇنۇ ساڭزا بىلەن تورتنى ئالايىتەن ئالغاچ كەلدىم. چاتاق يوق جۇمۇ زوردۇن، ھە، قېنى تېتىپ باقمامسىلەر! ـ ۋاڭ مېڭ كۈلۈمسىرىگىنىچە توختىماي سۆزلەپ ئۆزىنىڭ ۋە بىزنىڭ قوللىرىمىزدىكى گىرۋەكلىرى ئالتۇن ھەللىك، قىزىل گۈلدار نەقىشلىك پىيالىلەرگە نەزەر سېلىپ چىقتى، ـ پاھ، لاۋسۆي سىلەرنى كەلدى دەپ ئىشكاپىنىڭ ئىچكىرىسىگە تىقىۋەتكەن ئېسىل قاچىلىرىنى ئاپتۇ ـ دە، تېخى قارا چاي دەملەپتۇ!



ئاپتور ئاتاغلىق يازغۇچى مەرھۇم زوردۇن سابىر بىلەن بىللە

ۋاڭ مىڭنىڭ ساپ غۇلجا تەلەپپۇزىدا ئالدىرىماي قىلغان پاراڭلىرى ھەممىمىزنى كۈلدۈرۈۋەتتى. مەن، ئىلگىرى باياندىيىدا چۈشكەن رەسىملىرىدىكىدىن (شۇنداق رەسىملەردىن بىرى قايسى يوللار بىلەندۇر مېنىڭ قولۇمغا چۈشكەن ۋە ھازىرغىچە ساقلانماقتا ئىدى) چىرايى ئانچە بەك ئۆزگىرىپ كەتمىگەن، كىيىم ـ كېچەكلىرى ئاددىي، ئۆزى كۆزگە يېقىشلىق، كىچىك پېئىل بۇ ئادەمنىڭ مەنىلىك سۆزلىرىگە ئىمكانقەدەر لوقما سالماي ئاڭلاپ ئولتۇردۇم. كۆز ئالدىمغا ئۇنى دىسلەپ كۆرگەن چېغىم كەلدى: ئۇ مېنىڭ 12 ياش مەزگىلىم، «سالچى» ناملىق ھېكايىنىمۇ يازمىغان، ۋاڭ مىڭنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىنمۇ بىخەۋەر ۋاقىتلار ئىدى. 1964 ـ يىلى مەكتىپىمىزگە سۇي فامىلىلىك بىر ئوقۇتقۇچى كەلدى. ئاڭلىساق ئۇ بېيجىڭدىن كەپتۇ، يولدىشى كاتتا يازغۇچى بولۇپ، خاتالاشقاچقا باياندايغا چۈشۈرۈلگەنىكەن، ئىرىگە ئوقاق تارتىپ كەلگەن ئايالى بىزنىڭ مەكتەپكە تەقسىم قىلىنىپتۇ. غۇلجا شەھىرىنىڭ «ئۈچ دەرۋازا» كوچىسىغا جايلاشقان 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، يەنى سابىق «ھۆسەينىيە» مەكتىپىنىڭ ئەينى يىللاردىن يالدامما سۇپىتىدە قېپقالغان بىر كورپۇس ئاددىيغىنە، كونىرىغان بىر قەۋەتلىك بىناسى بىز ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە ئوغۇل ئوقۇغۇچىلار ياتىقى ۋە مەكتەپ خوجىلىق بۆلۈم ئىشخانىسى ئىدى. ئەنە شۇ خوجىلىق بۆلۈم ئىشخانىسىغا سۇي مۇئەللىم كۆچۈپ كىرگەن بولۇپ، بۇ ئۆينىڭ ئىشىك سىرتىدا، غۇۋا يورۇق زالدا ھەر شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن پۈتنى داستىكى سۇغا چىلاپ، بويىنىغا لۆڭگە ئارتىۋالغان، ئۆزى بولسا پۈتۈن دىققىتى بىلەن كىتاب ياكى ژۇرنال ئوقۇپ ئولتۇرىدىغان كۆزەينەكلىك، ياداڭغۇ بىر خەنزۇ كىشى پاكار ئورۇندۇقتا پەيدا بولۇپ قالاتتى. تاختاي پوللۇق زالدا دۈپۈرلىشىپ يۈگۈرۈپ يۈرگەن بىز ساۋاقداشلار شۇ كىشىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە ئاستا ماڭاتتۇق ۋە قىزىقسىنىپ ئۇنىڭغا قارىشاتتۇق. بىر ـ بىرىمىزگە پىچىرلاپ «بۇ ئادەم چوڭ يازغۇچىكەن» دېيىشەتتۇق. بۇنداق چاغلاردا ھېلىقى كىشى كىتابتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بىزگە قاراپ كۈلۈپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قوياتتى. كىچىك چېغىمدىنلا ئەدەبىياتقا ھېرىسمەن بولغاچقا، مەن تولىراق ئۇ كىشىگە زەن سالاتتىم. مانا بۇ كىشى ھازىر بىز پايتەختتىكى ئۆيىدە ئولتۇرغان، مەن 2ـ قېتىم دىدارلاشقان كاتتا ئەدىب ۋاڭ مىڭ ئىدى.

راستىنلا مۆھىم بىر گەپنى ئېيتماي كېتىپتىمەن. بىز ۋاڭ مىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ سەلدىن كېيىنلا ئاتاقلىق يازغۇچى ئۇستازىم زوردۇن سابىر مېنى ۋاڭ مىڭغا تەپسىلىي تونۇشتۇرغانىدى. ۋاڭ ئاقساقال بېشىنى ھەدەپ لىڭشىتىپ، ماڭا مېھىرلىك نەزەرىنى تىككىنىچە:

ـ توغرا، ماخمۇت، ماخمۇت، سىز ئۇ چاغلاردا قارادۇۋاڭ يېزىسىدا زىيالىي ياش ئىدىڭىزغۇ دېيمەن؟ قاراڭلار، ئۇ چاغدا كىچىككىنە بالا ئەمەسمۇ! — دېدى ھەمدە مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمنى سورىدى. زوردۇنكام مېنى خىجىل قىلىپ خېلىلا كاتتا تەرىپلەر بىلەن ئىجادىيەت ۋە خىزمەت ئەھۋالىمنى ھەتتا ھازىر ئىلى ۋىلايەتلىك كۇتۇپخانىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەۋاتقانلىقىمغىچە تونۇشتۇرۇپ چىقتى.

ـ ياخشى، ياخشى ئەمەسمۇ،كىتابقا تازا باي بوپسىز-دە، سەل تۇرۇپ مېنىڭ كۇتۇپخانامنى كۆرۈپ بېقىڭ، — ۋاڭ ئاقساقال كۆزلىرىمگە قاراپ چىن كۆڭلىدىن كۈلدى.

ئېيى كېلىپ قالسا ۋاڭ ئاقساقالغا تەقدىم ئېتەرمەن دەپ ياتاقتا يانچۇقۇمغا ئالايتەن ئىسىم كارتۇچكامنى سىلىۋالغانىدىم. دەل شۇ مىنۇتتا بۇ ئويۇمدىن يالتايدىم. چۈنكى كارتۇچكىسىزمۇ بۇ چىقىشقاق ئەدىب بىلەن چوڭقۇر چۈشىنىش ھاسىل قىلىشقانىدۇق.

ۋاڭ مىڭ ئىنتايىن دوستانە ۋە ئوچۇق ـ يورۇق كەيپىياتتا ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلار ھەققىدە، خاتىرىلەر، ئەسلىمىلەر توغرىسىدا زوردۇنكام بىلەن قىزىق پاراڭغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىنى خۇددى مۇزىكا تىڭشىغاندەك راھەتلىنىپ، كىرىسلوغا يۆلەنگىنىمچە تىڭشاپ ئولتۇردۇم. نۆۋىتىدە بىزنىڭ زوردۇنكاممۇ داڭلىق تىڭشامەت، خۇش چاقچاق ئۇلپەت، بىلىملىك ھەمسۆھبەت بولالايدىغان خىسلەتلىك ئادەم ئىدى- دە، ئىككى زاتنىڭ خۇش سۆھبىتىدىن يۇمۇر، پەلسەپە، بىلىم، ئۇچۇر، جان ئوزۇقى ھېكمەتلەر تۆكۈلۈپ تۇراتتى. پاراڭ تولىراق ئۆيىدە ئولتۇرغانلار ئورتاق قىزىقىدىغان ئەدەبىيات، يېڭى ئېقىملار، خەلقئارالىق ئەدەبىيات پائالىيەتلىرى؛ ئەسلىمە، رېئاللىق، يېقىن-يىراقلارنىڭ كەچمىش، كەچۈرمىشلىرى قاتارلىقلار ئۈستىدە تىنماي ئالمىشىپ، ئايلىنىپ تۇراتتى.

ۋاڭ ئاقساقال دائىم زوردۇنكامنى «ئاداش» دەپ ئاتايتتى، ئۇ ئىككىسى، ئىلگىرى بىرگە بولغان پائالىيەت سورۇنلارنى

ETHNIC UNITY

ئەسلەپ ئۆتتۈشتى. سالامەتلىك ھەققىدە توختالغىنىدا، ئۇ زوردۇن ئاكىنىڭ يېقىنقى سالامەتلىك ئەھۋالىنى سورىۋىدى، زوردۇنكام بىر قولىدا كۆزەينەكنى تۇتقىنىچە قىزىقچىلىق قىلىپ:

– باشقىسىمۇ ئانچە بوزەك قىلالمايدۇ، مۇشۇ كۆز سەل ناچار - دە، قارىسىلا، بوتۇلكىنىڭ تۈۋىنى كۆزەينەك قىلىپ تاقىۋالمىدىقمۇ مانا ! — دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلدى.

زوردۇنكامنىڭ چاقچاق پاراڭ قىلغاندا بېشىنى تىنىماي لىڭشىتىپ تۇرىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ۋاڭ ئاقساقالمۇ بېشىنى تەڭلا لىڭشىتىپ، چىن دىلى بىلەن كۈلدى.

– ھەر ھالدا كۆزىڭىزنى ئاسراڭ ئاداش، كۆز دېگەن بىزنىڭ يېزىقچىلىقتىكى دەسمايىمىز ئەمەسمۇ! — ۋاڭ مىڭ بۇ سۆزلەرنى قىزىقچىلىق تەلەپپۇزىدا قىلىۋىدى، بىز ھەممىمىز تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتۇق. بۇ ئورتاق كۈلكە سورۇننىڭ، سۆھبەتنىڭ كەيپىياتىنى بۆلەكچىلا يېقىملىق تۈسكە كىرگۈزۈۋەتتى.

پۈتۈن سۆھبەت داۋامىدا مەن ئاز گەپ قىلىپ، كۆپ ئاڭلاشنى ئۆزۈمگە بەلگىلىمە قىلىۋالدىم. دېمىسىمۇ بېيجىڭدەك يەرگە كېلىپ، مەشھۇر يازغۇچىنىڭ ھۇزۇرىدا تۇنجى رەت زىيارەتتە بولغاندا، كۆڭۈلدە مۇنداق ھېسسىياتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى تەبىئىي ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، بىر- بىرىنى چىن - خالىس نىيەت بىلەن «ئاداش» دەپ ئاتاپ، بەس- بەستە سۆھبەت گۈلشىنىنى ياشنىتىۋاتقان ئىككى ئەدىبنى ئىلاجى بار كۆپرەك گەپ قىلسا، كۆپرەك نەرسىلەرنى ئاڭلاپ بىلىۋالسام، ھەتتا كېيىنكى يېزىلغۇسى ئەسلىمەمگە كۆپرەك دەسمايە توپلىۋالسام دەپ ئويلايتتىم. بىلگەنلەرگە مەلۇم، مەرھۇم زوردۇن سابىر ئاغزى ئېچىلسىلا تىلىدىن ھېكمەت خەزىنىسىنى تۆكىدىغان زات بولىدىغان، ۋاڭ ئاقساقالمۇ بۇ جەھەتتە قېلىشمايدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىلىمدان، پاراڭچى كىشى ئىكەن. ئۇمۇ نەدىن، قايسى ساھەدىن گەپ قىلسا مسال، دەلىللىرى بىلەن ئادەمنى قايىل قىلغۇدەك سۆزلەيتتى. شۇنداق ئېمىلارنىڭ بىرىدە ئۇ تىل ئۆگىنىش ھەققىدە سۆزلەپ، ئاجايىپ ياخشى مۇلاھىزىلەرنى قىلدى. تۈركىيىدە زىيارەتتە بولۇۋاتقىنىدا ۋاقىتنى قولدىن بەرمەستىن تۈرك تىلىنى ئۆگىنەلىگىنىنى قىزىقارلىق قىلىپ بايان قىلدى. ئارقىدىنلا تۈرك تىلى ھەققىدە ئوقۇغان، بىلگەنلىرىنى ئىلمىي رەۋىشتە بايان قىلىپ، بىزنى بىرمۇنچە نەرسىلەردىن خەۋەردار قىلدى. گەپ ئارىسىدا تۈرك تىلىدىن مىساللارنى ئالدى، تۈركچە ئاتالغۇلارنى ئاتاپ چىقتى. گېپىنى خۇلاسىلەپ «تۈرك تىلى بىلەن بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلى تولىمۇ يېقىن كېلىدىكەن، كەم دېگەندىمۇ ئۇلارنىڭ گېپىنى بىز ھەر قانداقىمىز % 40 - 30چۈشىنەلەيدىكەنمىز» دېۋىدى، ئولتۇرغانلار بۇ گەپتىن زورقىلىنىپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. چۈنكى ۋاڭ ئاقساقال بۇ گەپلەرنى ساپ، يېقىملىق ئۇيغۇر تىلىدا قىلىۋاتاتتى.

پاراڭ داۋامىدا ۋاڭ مېڭنىڭ خىيالى يەنە ئۆزى بىر مەزگىل جاپا تارتقىنىدا ياخشىلىقىنى كۆرگەن دىيارغا، ئۇ يەردىكى تونۇش- بىلىشلىرىگە كەتسە كېرەك، غۇلجىدىكى ئىشلار، تونۇش بىلىشلەر ھەققىدە بىزدىن بىرمۇنچە سوئال سورىدى. بۇ جەھەتتە ئۇ بىزدىنمۇ كۆپرەك نەرسىلەرنى بىلىدىغاندەك قىلاتتى. دەرھەقىقەتەن، ئۇ كاتتا يازغۇچى، شۇنداقلا كاتتا جامائەت ئەربابى - دە، تونۇش- بىلىشلەرنى ئەسلەۋېتىپ، ۋاڭ مېڭ غۇلجا شەھەرلىك 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئۆزى بىر مەزگىل يېقىن ئۆتكەن مۇئەللىملەرنى سورىدى: «ماخمۇت، بىزنىڭ 2 - ئوتتۇرىدىكى ئاغىنىلەردىن ھازىر كىملەر بار؟ كىملەر يوق؟ شاۋكەت مۇئەللىم ھازىر بارمۇ؟ سېلىم ئەپەندىچۇ؟ سادەت مۇئەللىم پېنسىيىگە چىقتىمۇ؟ ياكى ئىشلەۋاتامدۇ؟» ئۇ يەنە بىرمۇنچىلارنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەينى چاغلاردا سۆي مۇئەللىمنىڭ خىزمەتداشلىرى، ۋاڭ مېڭ ۋە سۆي مۇئەللىمنىڭ قوشنىلىرى، مېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۇستازلىرىم ئىدى. مەن تەسىرلەنگەن ھالدا ۋاڭ ئاقساقالغا ئۇ سورىغانلارنىڭ ھاياتلىرىنى، ۋاپاتلىرىنى بىر- بىرلەپ ئېيتتىم. «شاۋكەت ئەپەندى تۈگەپ كەتتى، سېلىم ئەپەندىمۇ شۇ كونا ئاغرىقى بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى...» ۋاڭ ئاقساقال بۇلارنى ئاڭلاپ بېشىنى ئەگكىنىچە ئۇلۇغ- كىچىك تىنىپ تۇردى، ئاخىرىدا ھەسرەتلىك ئاۋازدا:

– ۋاي – ۋاي – ۋاي، ھەممىمىز ئۆلۈپ كېتىمىز، ھە- دېدى. يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغانلار ئەينى چاغدا زوردۇن ئاكىنىڭمۇ خىزمەتداشلىرى، بۇرادەرلىرى بولغاچقا، ۋاڭ مېڭ، سۆي مۇئەللىم ئۈچى بىر پەس ئۇلارنىڭ تەرىپلىرىنى قىلىشتى.

باايا ۋاڭ ئاقساقال 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دېرىكىنى ئالغاندا، سوي مۇئەللىمۇ گەپكە يېقىندىن زىن سېلىپ تۇرغانىدى. مەن ۋاڭ مېڭنىڭ سوئالىغا جاۋابەن «سادەت مۇئەللىم ھازىر بار، پېنسىيەدە، بىز بىر بىنادا قوشنا، يولدىشى بايبولات ئاكا 3 يىل ئىلگىرى تۈگەپ كەتتى» دېيىشىمگە، سوي مۇئەللىمۇ يولدىشى بىلەن تەڭلا (ۋاڭ ئاقساقال بۇ قېتىممۇ «ۋاي- ۋاي - ۋاي» دەپ ھەسرەتلەنگەنىدى) ئېچىنىپ، مېھمانساراي بۆلۈمىدىكى ئىشكاپتىن رامكىغا ئېلىنغان رەڭلىك سۈرەتنى ئېلىپ كەلدى. ۋاڭ مېڭ ئائىلىسىدىكىلەر تۈگەل جۇغلانغان بۇ سۈرەتتە ئىككىيلەندىن باشقا، سوي مۇئەللىمنىڭ بايا بىز ھويلىدا سالاملاشقان، 90 دىن ئاشسىمۇ تېخى تېتىك يۈرگەن ئانىسى، ئىككىسىنىڭ ۋاڭ شەن، ۋاڭ شى، ۋاڭ يىخۇەن قاتارلىق 3 پەرزەنتى ۋە ئۇلارنىڭ يولداشلىرى، پەرزەنتلىرى بار ئىدى. سوي مۇئەللىم سۈرەتنى بىزگە تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ «مانا بۇ ئوغۇللىرىمىز ۋاڭ شەن، ۋاڭ شىلارنى سادەت، بايبولاتلار كۆرگەن قىزىمىز ۋاڭ يىخۇەننى ئۇلار باققان» دەپ ئۆكسۈپ توختاپ قالغانىدى، ۋاڭ ئاقساقال رەپىقىسىنىڭ گېپىنى داۋام ئېتىپ، ماتېماتىكا دەرسىدىكى ئۇستازىم، ھازىرقى قوشنام سادەت مۇئەللىم ۋە ئۇنىڭ مەرھۇم يولدىشى ماائارىپچى بايبولات ئاكىنىڭ تەرىپىنى قىلىشقا باشلىدى. 1965 - يىلى ۋاڭ مېڭ ئائىلىسىنىڭ تەشكىلى يولغان 2 - ئوتتۇرا مەكتەپتە ماكان تۇتتىدۇ، بىر يىلدىن كېيىن «ئىنقىلاب» باشلىنىپ، مەكتەپكە كەلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى «چوڭ ئۇكچى»نى مەكتەپ ئىگىدارچىلىقىدىكى ئۆيدىن قوغلايدۇ. بۇ ھالدىن ئېچىنغان كۆڭلى يۇمشاق سادەت مۇئەللىم ئەينى چاغدا غۇلجا شەھەرلىك 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان يولدىشىغا بۇ ئەھۋالنى ئېيتىدۇ. بايبولات ئاكا «بېشىغا كەلگەننى كۆرمەك» بولۇپ ۋاڭ مېڭ ئائىلىسىنى 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا كۆچۈرۈپ ئەكىلىدۇ ۋە ئىككى ئېغىز ئۆينى بىكارلاپ بېرىپ ئۆزلىرىگە قوشنا قىلىۋالىدۇ. ئىككى ئائىلە بىر نەچچە يىل تاكى ۋاڭ مېڭنىڭ خىزمىتى دىسلەپكى قەدەمدە ئەسلىگە كېلىپ ئۇلار ئۈرۈمچىگە كۆچۈپ كەتكىچە ئۇرۇق- تۇغقاندەك ئۆتىدۇ. 1968 - يىلى ۋاڭ مېڭنىڭ قىزى ۋاڭ يىخۇەن، بايبولاتنىڭ قىزى سەلتەنەت دۇنياغا كېلىدۇ. سادەت مۇئەللىم ۋە ئۇنىڭ كۆچادىن كېلىپ تۇرۇۋاتقان 17 ياشلىق سىڭلىسى ماھىنۇر ئىككى بوۋاقنى باقىدۇ.

- ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ۋاڭ شەن بىلەن ۋاڭ شى بىرى سىڭلىسىنى، بىرى بۆشۈكنى كۆتۈرۈپ بوسۇغىدا پەيدا بولاتتى، ھەربىيلەردەك پۇتلىرىنى تاقىقىدە ئۇرۇشۇپ «ئايى، نىنخاۋ؟» دەپ بىزنى كۈلدۈرۈۋېتەتتى، - دەپ ئەسلىگەنىدى. مەن مۇشۇ قۇرلارنى يېزىشتىن نەچچە كۈنلەر ئىلگىرى سادەت مۇئەللىم يەنە بىر رەت، - ئىككى قولۇمدا ئىككى قىزنى تەڭ تەۋرىتىپ، ئەللەي ئېيتەتتىم. مەن خىزمەتكە بارغاندىن كېيىن ماھىنۇر باقتى. ئۇ ۋاڭ يىخۇەنگە بەكمۇ ئامراق ئىدى. ۋاڭ مېڭ ئۆزى تارتىپ قويغان ئىككىسىنىڭ سۈرەتلىرى ھازىرمۇ سىڭلىمنىڭ ئۆيىدە بار.

بېيجىڭ سەپىرىدىن قايتىپ مەن قوشنامنىڭكىگە (كۆزەينەكلىك، ئاقچاچ سادەت مۇئەللىمنىڭكىگە) ئالاھىدە كىرىپ، ۋاڭ مېڭ ۋە سوي رۇيفاڭنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدۈم.

- ئۇلار ئاجايىپ ياخشى ئادەملەر ئىدى...

مۇئەللىمنىڭ ھېسسىياتى قاناتلاندى، مەن ئۇنچىقماي ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ تۈگىمەس، قىممەتلىك ئەسلىمىلىرىنى تىڭشىدىم...

- ۋاڭ مېڭ چوڭ زىيالىي، شۇنداقلا ئىنتايىن كىچىك پېئىل ئادەم بولىدىكەن، - سادەت مۇئەللىم زوقلىنىپ سۆزىنى جۇغلىدى، - ئۇ ياخشىلىقنى زادىلا ئۇنتۇمايدىغان ئادەم. خىزمىتى ئەسلىگە كېلىپ ئۈرۈمچىگە كەتكەندىن كېيىن، رەھمەتلىك بايبولات ئاكىڭىز مائارىپ يىغىنى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىگە بارغاندا ۋاڭ مېڭ ئۇنىڭ كەلگىنىنى ئۇقۇپ قېلىپ، ئالاھىدە ئىزدەپ كېلىپ ئۆيىگە ئاپىرىپ زورلاپ نەچچە كۈن تۇرغۇزۇۋاپتۇ. ئۇ مەدەنىيەت مىنىستىرى بولغاندىن كېيىنمۇ بىزنى زادىلا ئۇنتۇپ قالمىدى. 90 - يىللارنىڭ بېشىدا ئۇ خىزمەت بىلەن ئىلىغا كەلگىنىدە بىر توپ مۇخبىر، تەرجىمان ۋە يەرلىك رەھبەرلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا 2 - ئوتتۇرا مەكتەپكە ئالاھىدە كېلىپ ئايالى ئىككىسى مەكتەپىمىزدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى، جۈملىدىن مېنى يوقلىدى. سوي

رويغانىڭ ئىككىمىز ئىگىچە - سىڭىللاردەك يىغلىشىپ، قۇچاقلىشىپ ئۇزاق كۆرۈشكىنىمىزدە ھەيران قالغان مۇخبىرلارنىڭ چىرايلىرىنى ھېلىمۇ ئۇنتۇيالمايمەن. شۇ كۈنى ۋاڭ مېڭ يەنە 1 - ئوتتۇرا مەكتەپكە بېرىپ بايىۋولاتنىمۇ يوقلاپتۇ. ئۇ ماڭا «سادەت، غۇلجىدىكى مەزگىلىمدە يېرىم سائەتلا بوش ۋاقتىم بولىدىكەن. سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارغا بارىمەن» دېگەنىدى، لېكىن مىنىستىرنىڭ ئۇنچىلا كۆپ ئىشلىرى تۇرسا يېتىشەلەمدۇ!

مەن سوئال سورىمىدىم، سادەت مۇئەللىم گېپىنى يەنە داۋام قىلدى.

- ۋاڭ مېڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنى ئەڭ ياخشى چۈشىنىدىغان، ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ تالاي قېتىم ماڭا «سادەت سىلەر ئۇيغۇرلارنىڭ بىز ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن ئىلغار تەرەپلىرىڭلار بار: ئادىيسى، بوۋاقنى بۆشۈكتە باقىدىغان، كىگىز، كۆرپىدە بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرىدىغان، ئاپتۇۋىدا يۈز - قول يۇيىدىغان ئادەتلىرىڭلار ھەقىقەتەن ئىلمىي، پاكىز؛ ئۇيغۇرلارنىڭ پاكىز، سەرەمجان ئۆي تۇتۇشلىرىغا، ھويلا - ئاراملىرىدا گۈل - گىياھلارنى ئۆستۈرۈش ئادەتلىرىگە زوقلىنىمەن» دېگەنىدى.

كۆز ئالدىمغا غۇلجا شەھىرىنىڭ چىرايلىق «نوۋكورت» رايونىغا جايلاشقان 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى، بۇ قورۇدىكى 2، ياق، 3 مىللەتتىن تەركىب تاپقان 2 ئائىلە، قوشنىلا ئەمەس، تۇغقاندەك ئىجىل - ئىناق ئۆتۈشىدىغان 2 زىيالىي ئائىلىسى ھېيت، چاغاندىكى قوۋناق تەڭ خۇشاللىقلار، كۈلكىلەر، ۋاڭ مېڭ بىلەن بايىۋولات ئاكىنىڭ خىلۋەت كېچىلەردىكى شېرىن، غەنىيمەت ئولپەتچىلىكلىرى، مۇڭدىشىشلىرى كۆرۈنگەندەك، ئاڭلانغاندەك بولدى...

- ماخمۇت، غۇلجىغا بارغاندا سادەتكە بىزنىڭ سالىمىزنى ھەم بايىۋولات ئاغىنىمىزگە بولغان تەزىيىمىزنى جەزمەن يەتكۈزۈڭ، يەنە سادەتكە ئېيتىڭ، قىزىم يىخۇەن بوشانغاندا، بالىسى ئىككىسىنىڭ سۈرىتىنى ئالايتەن تۇقسۇ ناھىيىسىگە، ماھىنۇرغا پوچتىدىن ئەۋەتكەنىدىم، تەگدىمۇ-يوق، جاۋابى كەلمىدى. سادەتتە ماھىنۇرنىڭ ئېنىق ئادرېسى بولسا ماڭا ئەۋەتىپ بەرسۇن، ماھىنۇرغا قايتا خەت يازىمىز.

خىيالدىن بېشىمنى كۆتۈرسەم ۋاڭ ئاقساقال بېيجىڭ چاۋنېي كوچىسىدىكى ئۆيىدە ماڭا قاراپ سۆزلەۋېتىپتۇ. يېنىدا ئېرىنىڭ ھەر بىر سۆزىنى ماقۇللاپ يېقىملىق چىرايىدا مېھمانلارغا تەكشى قاراپ سۈي مۇئەللىم تۇراتتى.

ۋاڭ مېڭ ھەقىقەتەن يىخۇەننىڭ پەرزەنتى بىلەن چۈشكەن سۈرىتىنى توقسۇدىكى سىڭلىمغا، بىر چاغلاردا ۋاڭ يىخۇەننى باققان، ھاپاچ ئېتىپ، كۆتۈرۈپ ئويناتقان ماھىنۇرغا ئەۋەتىپتىكەن، - دېدى سادەت مۇئەللىم مەندىن ۋاڭ ئاقساقالنىڭ سالىمىنى ئاڭلىغاندا، - نېمىشقىدۇ خەت سىڭلىم ئىشلەۋاتقان يېزىدا بىرمۇنچە ۋاقىت ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ، كېيىن كونۋېرت ھەم خەت ئەمەس، بىر تاسادىپىيلىقلار بىلەن سۈرەت ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ.

كۆڭۈللۈك سۆھبەت، قىزىق ئەھمىيەتلىك پاراڭلار بىلەن ۋاڭ مېڭنىڭ خانىسىدىكى بىرنەچچە سائىتىمىز ھەش - پەش دېگۈچىلا ئۆتۈپ كەتتى. بىز ھېلىدىن ھېلىغا جىرىڭلاپ تۇرغان تېلېفوندىن تەڭقىسلىق ھېس قىلىپ ھەممە ساھىبخانلارنى ھارغۇزۇۋەتمەيلى دەپ قايتىشقا تەرەددۇتلەندۇق. كۆڭلۈمدە بىر ئىستەك بار ئىدى، ئاستا پىچىرلاپ زوردۇنكامغا ئېيتتۇۋىدىم، ئۇمۇ «بەك ياخشى بولاتتىكەن» دېدى. بىزگە ھەمراھ بولۇپ بارغان بېيجىڭلىق مېھمان مۇددىئايىمىزنى يەتكۈزدى.

- ئاپلا، نېمىشقا بالدۇرراق ئېيتمىدىڭىز - دېدى؟ ۋاڭ مېڭ ئەر - ئايال ئىككىيلەن تەڭلا پايپېتەك بولۇپ ئاپپارات ۋە لېنتا ئىزدەشكە باشلىدى. نۆۋەتتە بىزمۇ ئۆزىمىزنى ئەيىبلەشتۇق، ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكىمىزدە شۇنچە ئاپپارات تۇرۇپ، بىرەرنى ئېلىۋالمىغانىكەنمىز.

بىز سۈي مۇئەللىمنىڭ خانىدىن خانىغا كىرىپ، پايپېتەكلىكتە لېنتا ئىزدەشلىرىنى، ئاران تەستە تۇسۇپ، خوشلىشىپ ھويلىغا چىقتۇق. مېھمان كەلگىنىدىكە چىن دىلىدىن خۇشال بولغان ۋاڭ ئاقساقال بىزنى كۈتۈپخانىسىنى كۆرۈشكە تەكلىپ قىلدى.

سوقىچاق ھويلىنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئالاھەزەل 7 - 8 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى زال ئۆي بولۇپ، ئىچى چوڭ ۋە كىچىك ئىككى خانىغا بۆلۈنگەنىدى. زالنىڭ

ETHNIC UNITY

قەلب چىرىغى: ھەقىقىي ئادەم ھەرقانداق قىيىن شارائىتنىمۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرالىغان ئادەمدۇر. — فوچىك (ئابدۇللەتجان .ت)

ئاساسىي قىسمىنى ئىگىلىگەن دالان تولغان كىتاب جاھازلىرى بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بولسا تىكتاك توپ ئۇستىلى تۇراتتى. يېزىقچىلىقتىن چارچىغان چاغلىرىدا ۋاڭ مېڭ ئايالى بىلەن تىكتاك توپ ئوينايدىكەن. ئىچكىرىكى ئۆي كىچىككىنە، ئۇ يەرگىمۇ كىتابدان ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بىر كىتابداندا ۋاڭ مېڭنىڭ خەنزۇ تىلىدا نەشر قىلىنغان بارلىق كىتابلىرى، يەنە بىر كىتابداندا بولسا دۇنيادىكى 30 نەچچە دۆلەت يېزىقىدا نەشر قىلىنغان كىتابلىرى تىزىلغانىدى. يەردە، بايا بىز مېھمانساراينىڭ بىر چېتىدە كۆرگەنگە ئوخشاش ھەر خىل ژۇرناللار دۆۋىلىنىپ ياتاتتى. دۆۋە ئۇستىدىن تەۋەككۇل بىر ژۇرنالنى ئېلىپ ۋاراقلىۋىدىم، ۋاڭ مېڭنىڭ يېقىندىلا يازغان بىر ھېكايىسى بېسىلغانىكەن. ئىچكىرىكى خانىنىڭ يەنە بىر چېتىدە چوڭغىنە بىر ئۇستەل بولۇپ، ئۇستەل ئۈستىدە كومپيۇتېر ۋە پلاستىنكا تەخسىلىرى تۇراتتى. ئۇستەل يېنىدا يۇمشاق ئايلانما ئورۇندۇق جايلاشقانىدى.

ـ يېزىقچىلىقىمىز زامانىۋىلىشىپ كەتتى، ـ دېدى ۋاڭ مېڭ قىزىقچىلىق قىلىپ كۈلگىنىچە، ـ يازىدىغان ئەسىرىمنى كاللامدا پىشۇرۇۋېلىپ ماشىنكىدىلا ئۇرىمەن، كېيىن ئىمزايىمنى قويۇپلا نەشرگە ئەۋەتىمەن.

بىز، تولىراق زوردۇنكام ۋە ئارىلاپ مەن ئىجادىيەت جەريانىغا دائىر سوئاللارنى سورىغاچ دالانغا چىقتۇق. مېنىڭ ھەۋەس بىلەن تۈرلۈك كىتابلارنى تاماشا قىلىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ ۋاڭ ئاقساقال:

ـ گومنجاڭ' (كۈتۈپخانا باشلىقى)، قېنى مېنىڭ كىتابلىرىمنى قائىدە بويىچە بىر رەتلەپ بەرمەمسىز، ـ دەپ چاقچاق قىلدى.

ـ ۋاھ، رەتلىۋېتىدۇ! ـ زوردۇنكاممۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ چاقچاققا قېتىلدى.

مەن ھەم ئوڭايسىزلىنىش ھەم خۇشاللىق ئارىلاش ۋاڭ مېڭغا قارىدىم:

ـ ئۇنىڭسىزمۇ كىتابلىرىڭىز ئىنتايىن رەتلىك تىزىلغانىكەن، ـ دېدىم. مەن تۇرغان يەرنىڭ ئۇدۇلىدىكى كىتابداندا دۇنيادىكى نۇرغۇن يازغۇچىلارنىڭ ۋاڭ مېڭغا تەقدىم قىلغان كىتابلىرى تىزىلغان بولۇپ، شۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان توختەمۇۋنىڭ ئۇيغۇر كونا يېزىقىدا چىققان «بازغان ساداسى» ناملىق ھېكايىلەر توپلىمىمۇ تۇراتتى.

بىز ئاخىرى ھەممىمىزنىڭ زوقىنى قوزغىغان يازغۇچىنىڭ كۈتۈپخانىسىدىنمۇ چىقىپ مېھماندوست، قەدىناس ساھىبخانىلار بىلەن ئۇزاقىچە خوشلاشتۇق. بىر كۈندىن كېيىن ۋاڭ ئاقساقالنىڭ بىزنىڭ تۇرار جايىمىزغا ـ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىغا بېرىپ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ بىزنىڭ شەرىپىمىزگە بېرىدىغان زىياپىتىگە قاتنىشىدىغانلىقىدىن خەۋەردار ئىدۇق، بىز شۇ جايدا كۆرۈشۈشكە كېلىشىپ، ۋاڭ ئائىلىسى بىلەن يەنە بىر قېتىم خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدۇق.

دېگەندەك، ئۆگۈنلۈكى ۋاڭ مېڭ چۈشكە يېقىن بىزنى يوقلاپ كەلدى. ئۆمەك باشلىقىمىز ئىدرىس بارات ئەپەندى يول ئۈستىدە ۋاڭ مېڭنىڭ بىر يېڭى توپلىمىنى سېتىۋالغانىدى. ئاپتور خۇشاللىق بىلەن كىتابىغا ئىمزا قويۇپ بەردى. زىياپەتتە ۋاڭ مېڭ ئىككىمىزگە دائىر ئەسلىمىلەردىن كۆپچىلىككە بېشارەت بېرىپ، مېنى «ھېسامشۇناس» دەپ ئاتاپ، بىرنەچچە لەتىپە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. مەن ئۆز تىلىمىزدا ھېسامنىڭ ئەڭ يېڭى چاقچاقلىرىنى ۋە بىر نەچچە يۇمۇرىنى سۆزلىۋېدىم، ۋاڭ مېڭ راھەتلىنىپ ئۇزاقىچە كۈلدى. ئۇ يۇمۇر چاقچاقلارنىمۇ ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن چۈشىنەتتى ۋە ئۆزىمۇ چېچەنلىك بىلەن ئېيتالايتتى. ئۇنىڭ ئېيتقان يۇمۇرلىرىدىنمۇ قالتىس ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈشتۇق. كېيىن قىممەتلىك ئەسلىمە ئۈچۈن، بەس ـ بەستە سۈرەتكە چۈشۈش باشلىنىپ كەتتى.

شۇ كۈنى كەچتە دالىيەنگە ماڭدۇق، پويىزدا زوردۇنكام بىلەن يەنە ۋاڭ مېڭنىڭ گېپىگە چۈشۈپ قالدۇق.

ـ ۋاڭ مېڭ ئىنتايىن ياخشى ئادەم، ـــ دېدى زوردۇنكام خىيالچان ھالدا، ـــ ئۇ ئەدەبىياتنىمۇ چۈشىنىدۇ، ئادەملەرنىمۇ چۈشىنىدۇ. ئۇ بىلىملىك، ئەدەبىياتقا بارلىقىنى بېغىشلىغان يازغۇچى، ھە، يازغۇچى شۇ خىسلىتى بىلەن قىممەتلىك!

زوردۇنكام ئۆزىنىڭ ۋاڭ مېڭ ھەققىدىكى يېگىدىن-



شەيتان لۇغەت: مۇھەببەت ـــ لوت يىقىپ ياتقۇزغىلى بولمايدىغان، يىنۋالسا دېگىز ـــ لوكيان بىلەنمۇ ئۆچۈرگىلى بولمايدىغان گۈلخان. (خېلىل ئادىل)

يېگى ئەسلىملىرىنى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۈستىدىكى تەھلىللىرىنى سۆزلەشكە كىرىشىپ كەتتى. قەلبىمدە ۋاڭ مېڭ ۋە زوردۇن سابىرغا بولغان ھۆرمەت، ئىككى مىللەت ئەدەبىياتىدىكى بۇ ئىككى گىگانت ئادەمگە دېگەن ئەقىدە دېڭىز دولقۇنلىرىدەك مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى.

ئارىدىن 9 ئاي ئۆتۈپ، سۆيۈملۈك يازغۇچى زوردۇن سابىردىن ۋاقىتسىز ئايرىلىپ قالدۇق. ئىشىنىمەنكى، ۋاڭ مېڭ ئاقساقالمۇ بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىچ - ئىچىدىن قايغۇرغاندۇ ۋە بولتۇر نويابىرنىڭ ئاخىرلىرىدىكى ئۆز ئۆيىدە بولغان ئۇچرىشىشنى يادىغا ئالغاندۇ. مەن بۇ ئۇچرىشىشنىڭ ئۇنتۇلماس ئۇچرىشىش ئىكەنلىكىنى ئەينى چاغدىلا ھېس قىلغانىدىم، ئەمما بۇنىڭ بىز ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ياداما بوپقالىدىغانلىقىنى زادىلا خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىكەنمەن. خەلقىمىزنىڭ «دەم غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت» دېگەن سۆزى بىكار ئېيتىلماپتىكەن.

ھەسرەتا!

(ئاپتور: ئىلى ۋىلايەتلىك كۆنتۆپخانىدا ئىشلەيدۇ)

## مەرىپەتپەرۋەر مۇئەللىملىرىمىز مەڭگۈ مەدھىيلەشكە مۇناسىپتۇر

(ئۈم دا مەخلەنگەن مەدھىيە)

رىزۋان، مەريەم، بۇئايشەم

مۇنەۋۋەر مائارىپچى، مەكتەپ مۇدىرىمىز مۇقەددەس مۇتەللىپ مۇزاكىرە - مۇھاكىمىلەردە مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرىمىز مۇھەببەت مەتقاسىمنىڭ، مالىيە مۇدىرىمىز ماگسۇر مامۇتنىڭ، مۇئەللىملىرىمىزنىڭ مەپكۇرسىنى، مەۋقەسىنى مائارىپنىڭ مۇھىملىقىغا مەھكەم مۇقىملاشتۇردى.

مەكتىپىمىز مۇئەللىملىرىدىن ماركسىزملىق ماتېرىيالىزم مۇئەللىمى مەلىكە مەگلىك، مېھرىنسا مېھمانشالار ماركسىزملىق مىللىي مەسىلىنىڭ مېغزىنى، ماركسىزمنىڭ ماھىيىتىنى، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى مۇستەھكەملەشنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ مۇقىملىقىدىكى مۇتلەق مۇھىملىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە؛ ماتېماتىكا مۇئەللىملىرىمىزدىن مۇكەررەم مەخسۇت، مىجىت مۇسالار ماتېماتىكىدىكى مەۋھۇم مۇشكۈل مەسىلىلەرنى مەلۇملۇق مەنىسىدە مۇقىملاشتۇرۇشتا؛ «مايبۇلاق»مەسنانىسى ماخمۇت مۇھەممەت، ماھىنۇر مۇھەممەتئېلى، مۇنىرە مۇستاپالار مەسنەۋى، مۇسەددەس، مۇخەممەس، مۇئەممالارنى مەنىلەپ، مايتاغىنىڭ مەۋجلەنگەن مايلىرىنى، ماشىنىلاشتۇرۇلۇشىنى، مەھەللىمىزنىڭ مەمۇرچىلىقلىرىنى، ماددىي مەدەنىيەت، مەنىۋى مەدەنىيەتنى مەدھىيلەپ مەتبۇئاتلارغا ماقالە ماگخۇزۇشتا؛ مۇرال مۇئەللىمى مۇراد مۇرادىل، مەۋلان مەردان، مەسئۇدەم مۇقىملار مىللىي مائارىپنى، مىللىي مەدەنىيەتنى مۇۋاپىق مەزمۇندا مۇھاكىمىلەشتە؛ مۇزىكا مۇئەللىمىمىزدىن مۇزەپپەر مىرزات، مىرزاھىد مىرزەخمەتلەر مىللىي مۇزىكا، مۇقام مۇزىكىلىرىنىڭ مۇڭلۇق مېلودىيىسىنى مۇرادىغا ماگدۇرۇپ، مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى مولالاشتۇرۇشتا مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ماختىشىغا مۇيەسسەرلىنىپ ماددىي مۇكاپاتلاندى، مۇدەنگۈلدە مۇبارەكلەندى.

مەكتىپىمىزنىڭ مۇشۇنداق مۇھىتىدا مائارىپنىڭ مۇددىئاسىنى، مۇئەللىملىرىمىزنىڭ مېھنەت مېۋىلىرىنى مېگىسكە مەھكەم مۇجەسسەملىگەن ماناسلىق ماھىنۇر مۇسا، مېھراي مۇسلىم، مورىلىق مەسئۇدەم مۇختەر، مۇختەبەر مويىدىن، مەرھىنسا مۇھەممەتلەر، موگخۇلكۇرەلىك مەريەم مەمتىمىن، مەتنۇرى مەتتوختىلار، مايتاغلىق مايمۇنەم مەتسەيدى، مېھرىبان مۇقەررەپ، مىنەۋۋەر مەتتۇرسۇنلار، مارالبېشلىق مۇبارەك مامۇتوف، مەكىتلىك مۇساجان موللاق، موللا مەخسۇمجان، مىجۇمىلىك مامىگچۇنلەر مەركەزدىكى مۇھىم مۇناسىۋەتلىك مىللىي مەكتەپلەرگە، مۇزىكا مەكتەپلىرىگە، مەمۇرىيەتتە ماگدى. مۇشۇ مايىسلار مەكتەپ مۇدىرىگە، مۇنەۋۋەر مۇئەللىملىرىگە مۇنداق مەزمۇندا مۇبارەك، مەدىيە مەكتۇپلىرىنى ماگدۇرۇۋەردى: مۇئەللىملىرىمىز مەڭگۈ مۇھەببەتكە مۇيەسسەردۇر، مەدھىيلەشكە مۇناسىپتۇر.

(ئاپتورلار: شەرقىي جۇڭغار نېفتلىكى ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى)

ETHNIC UNITY

ئەيتان لۇغەت: سۆيگۈ — ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسىنى باشقىدىن قۇراشتۇرىدىغان ماھىر رېموتچى. (خېلىل ئادىل)




△ مېنىڭچە ژۇرنىلىڭلاردا يېتەرسىزلىكلەر يوق. ئەگەر بار دېيىلسە، ئۇنى قولۇمغا ئالغاندىن كېيىن بىر - ئىككى كۈنلۈك ئىشىم قېپقالىدۇ.

- توقسۇ ناھىيە ئىچىبۇق يېزا قاراتاش كەنت 1 - مەھەللىدىن: **ئېزىز داۋۇت**

△ مەن بۇ ژۇرنالنى ياقتۇرۇپ، سۆيۈپ ئوقۇيمەن. گەرچە ھازىر ئىچكىرى ئۆلكىدە ئوقۇۋاتقان بولساممۇ، ئۆيدىكىلەر پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتكەن ژۇرناللارنى ئوقۇپ، مەزمۇنىدىن كېچىكىپ بولسىمۇ ۋاقىپلىنىپ تۇرۇۋاتىمەن. بولۇپمۇ ژۇرنالنىڭ «مىللىتىم ھەققىدە پارچە»، «گۈلدەستە»، «ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب»، «پايتەختتىكى ئۇيغۇرلار»، «جاھانغا نەزەر» سەھىپىلىرىنى («ئامېرىكا تەسىراتلىرى»غا ئوخشاش جانلىق، قىزىقارلىق ماقالىلەرنى) ئوقۇغىنىمدا ئىختىيارسىز ھالدا ھاياجانلىنىپ كېتىمەن. رەھمەت سىلەرگە!

- نەنجىڭ تەجرىبە سىنىپ تولۇق 2 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى **زۆلپىيە ئامان**

△ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى كۆپ خىل، رەڭدار سەھىپىلىرى ئارقىلىق بىزگە مەنىۋى ئوزۇق بېرىپ كەلدى. ژۇرنالنى قولىغا ئالغان ھەرقانداق كىشى خۇددى گۈزەل بىر باغچىغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلىدۇ. ژۇرنالنىڭ مۇقاۋىسى ۋە ئىچكى بەتلىرىدىكى سۈرەت، رەسىملەر ئوقۇرمەنىنىڭ زوقىنى قوزغايدۇ. مەسىلەن: 1998 - يىللىق 1 - سان مۇقاۋا 4 - بەتتىكى ئەمدىلا بىخلىنىپ ئېچىلىۋاتقان بىر گۈل، 1997 - يىللىق 4 - سان مۇقاۋا 4 - بەتتىكى قاناس كۆلى مەنزىرىسى كىشىگە ئىللىق باھارنىڭ ياز ھۇزۇرىنى بەخش ئېتىدۇ.

- تېكەس ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەتتىن: **ئىمىن ھاشىم**

△ ھەر بىر سان ژۇرنال قولۇمغا تەگكەندىن كېيىن ئاتىسى ھېيتلىق بەرگەن بالىدەك خۇشال بولۇپ، ئاچكۆزلۈك بىلەن قايتا - قايتا ئوقۇپ چىقىمەن. ئاندىن پاكىز ساقلاپ يىتتۈرۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن ھەر بىر سانىنى رەتلەپ كىتاب ساندۇقۇمغا سېلىپ قويىمەن. مەن مەزمۇنىنىڭ مولluqى، سەھىپىسىنىڭ سەرخىل ۋە كەڭلىكى، كۈچلۈك جەلپكارلىقى بىلەن 90 مىڭغا يېقىن ئوقۇرمەننى جەلپ قىلغان، ھاياتىي كۈچ بېغىشلاۋاتقان بۇ ژۇرنالدىن ئايرىلىپ قېلىشنى ھەرگىز خالىمايمەن. چۈنكى بۇ ژۇرنال بىزدەك ياشلارنىڭ نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى، ئەرمەقىياتى ۋە مەدەنىيىتى قاتارلىقلارنى بىلىۋېلىشىمىزغا؛ ۋەزىيەتنى توغرا تونۇپ دۇنيانى چۈشىنىشىمىزگە، مىللەتلەر ئوناسىۋىتىنى ياخشىلاپ ئورتاق گۈللىنىشكە كۈچ چىقىرىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ؛ مىللىتىمىزنىڭ تارىخى، كەلگۈسى، ھازىرىنى توغرا تونۇپ، مىراسلىرىمىزغا ياخشى ۋارىسلىق قىلىپ، مىللىتىمىزنى كامالەتكە يەتكۈزۈشتە بىزنى مول بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرىدۇ. مەن ژۇرنالنىڭ بىرمۇنچە سەھىپىلىرىنى ئاشىقلارچە ياخشى كۆرگىنىمدىن باشقا، يېڭى تەسىس قىلىنغان «بەت ئاستى چىمەنزارى» دىكى ھېكمەت، شەيتان لۇغەتلەردىن قايتا - قايتا ھوزۇرلىنىمەن. بىز ساڭا ھەرۋاقىت تەشنا «مىللەتلەر ئىتتىپاقى»!

- خوتەن دارىلمۇئەللىمىن 1997 - يىللىق ئومۇمىي پەن سىنىپىدىن: **مۇھەممەتئېلى مەتنۇرى**

△ مەن بىر ئوتتۇرا تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسى، شۇنداقلا ژۇرنىلىڭلارنى سۆيۈپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەن. ژۇرنالنى مول مەزمۇنلۇق قىلىپ چىقىرىۋاتقان مۇھەررىر ئاغىلارغا سالام يوللايمەن ھەم رەھمەت ئېيتىمەن.

- سانجى دارىلمۇئەللىمىن 1996 - يىللىق 2 - سىنىپتىن: **ئامىنە**

△ يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بېرى «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ ئوقۇرمەنلەر قەلبىدە بۈيۈك ئوبراز تىكلىشى دەل ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ ساغلام، ماقالىلىرىنىڭ جانلىق، سەھىپىلىرىنىڭ رەڭدارلىقى، مۆھىمى كىشىلەرنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدىكى چاڭقاقلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكىدىن، دەپ قارايمەن.

- قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل پاكۇلتېتى 1996 - يىللىق 3 - سىنىپتىن: **پاتىگۈل مۇھەممەت**

△ كۆكلۈكە ئارام بەخش ئەتكۈچى ۋە شادلىق تۈيغۇسى ئاتا قىلغۇچى تەھرىر ئۇستازلار، مەن بىر ئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ژۇرنىلىڭلارنى سۆيۈپ، ئەتىۋارلاپ ئوقۇپ كېلىۋاتقان بولساممۇ، ئۇنىڭغا بىر كىشىلىك ھەسسەمنى قوشالمىغانلىقىمدىن تولىمۇ ئەپسۇسلىنىمەن. ئەرزىمەس يېزىقچىلىقىم بىلەن نەسلەرنى ئاۋارە قىلىپ قويارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، يازغانلىرىمنى ئەۋەتىشكە جۈرئەت



ETHNIC UNITY

قىلالمىدىم. ئەسەر، ماقالە ئەۋەتسەم، روھىمغا ئىلھام بېرەرسىلەرمۇ؟

– قاغىلىق ناھىيە يېتىملىقۇم يېزا ياغاچچى باشلانغۇچ مەكتەپتىن: **قامىنە تۇردى**

△ ژۇرنىلىڭلارنى قىزىقىپ ئوقۇۋاتقىنىمغا 3 يىل بولدى. 3 يىل جەريانىدىكى سەھىپىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى، تەرەققىياتىدىن خۇشالمەن. «بىلىم دۇردانىلىرى»، «جەۋھەرلەردىن تەرمىلەر»، «گۈلدەستە»، «ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب» سەھىپىلىرىنى قېتىرقىنىپ ئوقۇيمەن. مەن مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسىدە بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۆز مىللىتىمىزنىڭ شانلىق تارىخىنى بەكمۇ بىلگۈم كېلىدۇ؛ مىللىتىمىز ئىچىدىن چىققان بۈيۈك ئالىم، مۇتەپەككۇر، يازغۇچى، سىياسىئونلارنىڭ ھاياتى بىلەن تونۇشسام دېيمەن. مۇمكىن بولسا، ژۇرنىلىڭلاردا «ئەجدادلار ئىزى» ناملىق بىرەر سەھىپە ئېچىلسا ئىكەن.

– مورى قازاق ئاپتونوم ناھىيىسى چۆرىن يېزا پوچىخانىدىن: **مۆمىنجان**

△ مەن ژۇرنىلىڭلارنىڭ ھەر سانىنى ئوقۇرمىنى بولۇش سۈپىتىم بىلەن «جاھانغا نەزەر» سەھىپىسىدىكى «ئامېرىكا تىلسىماتلىرى» دىن زوق ۋە ھۇزۇر ئالدىم، ئۆزۈلدۈرمەي ئېلان قىلساڭلار. مېنىڭچە «مىللىتىم ھەققىدە پارالق»، «تۆھپىكارلار»، «ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب»، «كۈلكە خۇرۇچلىرى»، «گۈلدەستە»، «بەخت ئاستى چىمەنزارى» قاتارلىق سەھىپىلەر كۆپلىگەن كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. تەكلىپىم: «گۈلدەستە» سەھىپىسىدىكى ئەسەرلەر ئاز، «جەۋھەرلەردىن تەرمىلەر» سەھىپىسىمۇ كەملەۋ دائىرىلىك ئەمەس، «ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات» سەھىپىسىدىكى بىر قىسىم ماقالىلەرنىڭ ھەجمى كۆپ، ئۇزۇن.

– قابا ناھىيە 36914 - قىسىم 63 - شۆبە ئەترەتتىن: **ئېلى راخمان**

△ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى ژۇرنالچىلىقىمىز ساھەسىدىكى ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىغا ئىگە بىردىنبىر ژۇرنال، شۇنداقلا مېنىڭ كۆڭلۈمدىكىدەك يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان ژۇرنال. مەن مەسئۇلىيەتچان ئوقۇرمەن بولۇش سۈپىتىم بىلەن مۇنداق ئۈچ تەكلىپىمنى سۇنىمەن. 1. بىرىنچى بەتتىكى «بىز ھەممىدىن ياخشىنى تاللاپ بولالمايمىز، ھەممىدىن ياخشىسى بىزنى تاللىسۇن» دېگەن مۇھەررىر تەۋسىيىسى ئۆزگەرتىلسە، سىلەر «بىز تېخى ئەڭ ياخشىنى تاللاپ بولالمىدۇق» دەپ تۇرساڭلار قانداق بولغىنى؟ 10 يىللىق مۇسابىقىدە چېنىققان بىر ژۇرنال ئۆزىگە ئىشەنچ قىلغان ھالدا «بىز ھەممىدىن ياخشىنى تاللىدۇق، ھەممىدىن ياخشىسىمۇ بىزنى تاللىسۇن!» دېيەلىشى كېرەك. 2. ئوقۇرمەنلەر ئۆزىنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى دېيەلەيدىغان «كۆڭلۈمدىكى گەپلەر» سەھىپىسى ئېچىلسا، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلار مۇكەممەل ئەسەر يوسۇنىدا بولمىسىمۇ جانلىق، ئىخچام بولسا. مېنىڭچە يەنە «گۈلدەستە» سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان بەزى سۆز ئويۇنلىرىنىڭ بەدىئىي قىممىتى تۆۋەن، ئىدىيىۋى رولى كەم. 3. ژۇرنالدا مۇۋاپىق ھالدا ھەجۋىي رەسىملەرمۇ بېرىلسە؛ ئېسىل بەدىئىي سۈرەتلەرنىمۇ پات - پات كۆرۈپ تۇرساق.

– يەكەن ناھىيە پەكچى يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپتىن: **نۇرگۈل ھېيت**

△ «ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب» سەھىپىسىدە مەزمۇن جەھەتتە كىشىلەرنىڭ ئىلمىي، مەدەنىي بولۇپ تەربىيىلىنىشىگە ياردىمى بار سوئال - جاۋابلار بولسا.

– مەكىت ناھىيە ياتتاق يېزىلىق رادىئو ئۇزېلىدىن: **زەينەپ ئىمىن**

△ «كۈلكە خۇرۇچلىرى» سەھىپىسى ئوقۇرمەنلەرنىڭ روھىنى كۆتۈرۈپ، ھاردۇقىنى چىقىرىدۇ. مەن ئۇنىڭغا بەكلا قىزىقىمەن. ئۇنى تېخىمۇ ئىلمىي، يېقىشلىق قىلىپ باشقۇرساڭلار.

– قەشقەر سۇ ئېلېكتىر مەكتىپىدىن: **غەيرەتجان**

△ مەن ژۇرنىلىڭلاردىكى «بەخت ئاستى چىمەنزارى»، «جاھانغا نەزەر»، «تۆھپىكارلار»، «پايىنەختتىكى ئۇيغۇرلار»، «مىللەت ۋە ئۆرپ - ئادەت» قاتارلىق سەھىپىلىرىدىكى ماقالىلەرنى بەكمۇ ياقتۇرىمەن. بولۇپمۇ مىللىتىمىز ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ئالىملارنىڭ تەرجىمىھالىنى قىزىقىپ ئوقۇيمەن. ئۇ كىشىگە بىر خىل ئىشەنچ، ئۈمىد، جاسارەت ئاتا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا، ژۇرنالنىڭ سۆز ئىبارىلىرى ئۆزگىچە ئىكەن.

– شىنجاڭ كاۋچۇك زاۋۇتى ئوتتۇرا مەكتەپ شۆبىسىدىن: **ئېلى راخمان**

مەن ژۇرنىلىڭلارنىڭ 1998 - يىللىق 5 - سانىدا ئوقۇرمەنلەرگە ۋەدە قىلغان 1999 - يىللىق سانلىرىدىكى «بىلىم دۇردانىلىرى» ۋە «جەۋھەرلەردىن تەرمىلەر» سەھىپىسىدە ئېلان قىلماقچى بولغان ئەسەرلەرگە قىزىقىپ قالدىم. ژۇرنىلىڭلارنىڭ 1999 - يىللىق سانلىرى بىلەن بالدۇرراق يۈز كۆرۈشسەم دېيمەن.

– قەشقەر شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن: **زۇلھىيە ھاجى**



△ مەن ژۇرنىلىڭلارنىڭ بارلىق سەھىپىلىرىنى ئەستايىدىل كۆرىمەن. بولۇپمۇ «ئىسلاھات ۋە تەرەققىيات»، «دۇنيا مىللەتلىرى»، «بىلىم دۇردانىلىرى» سەھـ



شەيتان لەززەت، رىستوران — بەدخەجلەرنىڭ جەننىتى، بېخىللارنىڭ دوزىقى. (قۇلىجان نىياز)

پىلىرىدىكى يىگىلىقتا باي، ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ماقالىلەرنى ياقتۇرۇپ ئوقۇيمەن. «ئىللەت تۈزۈلمىسە، مىللەت تۈزۈلمەيدۇ» دېگەن گەپ بار. لېكىن مىللەتنى ئىللاپ قاغايدىغان ماقالىلەرنى ياقتۇرمايمەن. مېنىڭچە بۇ، مىللەتنى تۈزەشنىڭ توغرا يولى بولمىسا كېرەك.

- چاپچال ناھىيىلىك پارتىيە مەكتىپىدىن: **قەلبىنۇر ئابلىمىت**

△ بۇنىڭدىن كېيىن مۇمكىن بولسا باشقا دۆلەتلەردىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنىڭ ئەھۋالى تونۇشتۇرۇلغان ماقالىلەرنىمۇ كۆرۈپ تۇرساق.

- قەشقەر شەھەرلىك 14 - ئوتتۇرا مەكتەپتىن: **نىيازگۈلمىن قۇربانى**

△ مەن ئاساسىي قاتلامدىكى بىر ئاخباراتچى خادىم بولۇش سۈپىتىم بىلەن سىلەرگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. مەن جايلاردا مۇخبىرلىق قىلىۋېتىپ، پوچتا - تېلېگراف خادىملىرىدىن «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولغۇچىلارنىڭ كۆندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم، كۆتۈپخانىلاردىمۇ كىشىلەرنىڭ ئاۋۋال مۇشۇ ژۇرنالنى ئېلىپ ئوقۇپ، ئاندىن باشقا ماتېرىياللارنى كۆرۈۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم. تولىمۇ ئەپسۇس، مەن بۇ ژۇرنال بىلەن تونۇشقىلى 3 يىل بولدى. بىر ئىشقا پۇشايمان قىلمايدىغان ئادەم ئىدىم، پەقەت مۇشۇ بىر ئىشقىلا، يەنى بۇ ژۇرنال بىلەن بالدۇرراق ئۇچراشمىغىنىمغا پۇشايمان قىلىمەن. ژۇرنالنىڭ خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىشىنى مۇنداق تەرەپلەردىكى ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بولغانلىقىدىن دەپ قارايمەن:

1. «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ ئەمەلىيەتچانلىقى كۈچلۈك، كىشىلەر نېمىنى بىلمەكچى بولسا، شۇنىڭغا ئېرىشەلەيدۇ؛ نېمىنى سورىسا لايىق جاۋابقا ئېرىشەلەيدۇ. جاۋابلارمۇ ئېنىق، چۈشىنىشلىك، ئىخچام، جانلىق.

2. ژۇرنالنىڭ تىلى راۋان. ھەر بىر ماقالە - ئەسەردە ئۆزگىچە ئېستېتىك قىممەت بار.

3. مىللەتلەرنىڭ تارىخى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە مىللەت نەزەرىيىسىگە ئائىت مول بىلىملەر بار. مەسىلەن: دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر خىزمىتىگە ئائىت قانۇن، سىياسەتلىرى، پەرمانلىرى، يىغىلىشلاردىن كىشىلەر بىۋاسىتە خەۋەر تاپالايدۇ، بۇ ھەقتە سىستېمىلىق بىلىمگە ئىگە بولالايدۇ.

4. ژۇرنال بېكىنمىچىلىك، خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلىپ قېلىشتەك ئىللەتلەردىن خالىي. زورمۇزور پەردازلاش، شوئارۋازلىق، شەكىلۋازلىقلارغا ئورۇن بېرىلمىگەن.

5. خەلقنىڭ تىلى بولۇش رولىنى ياخشى ئويناپ ئاممىا بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى يېقىنلاشتۇرۇشقا ئەجىر سىڭدۈردى. ئاممىنىڭ ساداسىنى دادىل قوبۇل قىلىپ، ئاممىنىڭ پارتىيە ۋە خەلق ھاكىمىيىتىگە بولغان ئىشەنچىسى، مېھىر - مۇھەببىتىنى ئۇلغايتىشقا كۈچ چىقاردى. مەن ژۇرنالنىڭ كۈندىن - كۈنگە گۈللىنىشىنى، جەلپكار بولۇشىنى تىلەيمەن.

- قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيە ياپچان بازارلىق ھۆكۈمىتىدىن: **ئابدۇكېرىم ئۆمەر**

△ مەن بىر سىرداش دوست تاپتىم. ئۇ بولسىمۇ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى. مەن ژۇرنىلىڭلارنىڭ 1998 - يىللىق 1-، 2-، 4 - سانلىرىنى باشقا يەردىن تېپىپ ئوقۇغاندىن كېيىن، مەزمۇنلىرىغا بەكلا قىزىقىپ قالدىم. بولۇپمۇ «مىللەت خەزىنىسى»، «جاھانغا نەزەر» دىكى «ئامېرىكا تەسىراتلىرى»، «ھەزىل سوئالغا ھەزىل جاۋاب»، «دۇنيا مىللەتلىرى» سەھىپىسى مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ژۇرنالنىڭ 1999 - يىللىق سانلىرىغا مۇشتەرى بولغۇم بار ئىدى. مەن بىر باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى، كەنتىمىز ناھىيە بازىرىدىنمۇ، يېزا بازىرىدىنمۇ يىراق. مۇشتەرى بولۇش، ژۇرنالنى ئۆز قولۇمغا ئېلىشىم قولايسىز. شۇڭا سىلەرگە 3 يۈەن پۇل ئەۋەتتىم. ئاۋادا بىر سان ژۇرنال تاپشۇرۇپ ئالالىسام، تەھرىر بۆلۈمىگە بىۋاسىتە مۇشتەرى بولسام دېمەن. مەن ئاددىي خىزمەت ئورنىدا جان تىكىپ ئىشلەپ ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش يولىدا ئىزدىنىۋاتقان ياشلارنىڭ بىرى. مەن كەسپىمنى قىزغىن سۆيىمەن، كەسپىمدىن پەخىرلىنىمەن. لېكىن بىزنىڭ ئالغا سىلجىشىمىز يۇقىرى كۆتۈرۈلمىسە بولامدۇ؟ روھىمىز يىگىلىنىپ تۇرمىسا، باشقىلارنى قانداقمۇ ئوبدان تەربىيىلىيەلەيمىز؟ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى مېنىڭ ئۇستازىم ۋە يول باشلىغۇچۇم، بىلىم بۇلىقىم. مەن سىلەر بىلەن دوست بولۇشنى خالايمەن.

- پەيزاۋات ناھىيە قىزىلبويى يېزا ئاپپاق غوجا باشلانغۇچ مەكتەپتىن: **تۇرسۇن ئايۇپ**

***مۇھەررىردىن:*** *1998 - يىللىق 5 - ساندا جايلاردىكى قىزغىن ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ژۇرنىلىمىز ھەققىدە پىكىر ئېلىش جەدۋىلى تارقاتقان ئىدۇق، قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدىلا خىلمۇخىل پوچۇركىدىكى ئۇزۇن، قىسقا ھەجىملىك تولغۇنلىغان خەتلەرنى تاپشۇرۇپ ئالدۇق. خەتلەرنىڭ كۆپ قىسمىدا ژۇرنىلىمىزنىڭ سەھىپىلىرىنىڭ موللۇقى، جەلپكارلىقى، قىزىقارلىق، جانلىقلىقى، كۆڭۈلگە ياقىدىغانلىقى ئالاھىدە تەرىپلەنگەن؛ بىر قىسمىلىرىدا ئوقۇرمەنلەر ئۆزلىرى ياقتۇرمايدىغان سەھىپە ياكى ماقالىلەرنى تىلغا ئېلىپ، بىزگە دوستلۇق قولى سۇنغان. بۇ ئىش بىزگە زور مەدەت ۋە ئىلھام بەخش ئەتتى، كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلدى! بىزنى تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىشكە، تېخىمۇ كۆپ باش قاتۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى، بىز بۇ قىزغىن، كۆيۈمچان ئوقۇرمەنلىرىمىزگە كۆپتىن - كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز ھەم قىزغىن سالام يوللايمىز. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىدىكى ھەر بىر ماقالە- ئەسەر ھەققىدە قانداق پىكىر بولسا بىزگە يوللاپ تۇرۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. پىكىرلەر ژۇرنال يۈزىدە ئۇدۇللۇق ئېلان قىلىنىدۇ.*

*يۇقىرىدا بىر قىسىم خەتلەردىن تاللانما ئېلىپ ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلىرىمىزگە سۇندۇق. خەتلەردىكى ئوخشاش، تەكرار مەزمۇنلار قىسقارتىلدى، قالغان قىسمى پەردازلانماي ئەينەن ئېلىندى.*



شەيتان لۇغىتى: كوچا چىرىغى— سەۋدايى ئاشىق - مەشۇقلارنىڭ كېچىدىكى دۈشمىنى. (ئېلىجان نىياز)

## يېڭىلايلى روھنى، كاللىنى!

ئەركىن ئەبەيدۇللا

يېڭىلىققا ھەۋەس قىلماس كىم،
يېڭىلىقنى سۆيىدۇ ھەممە.
«يېڭى» دېگەن گۈزەل، پاك، مەسۇم،
يېڭىلىققا كۆيىدۇ ھەممە.

يېڭىلىق - ئۇ ئۆمۈرنىڭ تېگى،
ئۇ ھەر ئىشقا قوشىدۇ مەزمۇن.
يېڭىلانسا ئىنساننىڭ ئېگى،
ئالدىيالماس شەيتان يە ئالۋۇن.

يېڭىلىقتا كۆكلەر تەبىئەت،
يېڭىلىقتىن جانلىنار ھايات.
تۇخۇمدىكى بۇركۈت چۈجىسى
پەرۋازلىنار يېڭى جۈپ قانات.

يېڭى كۈندە يېڭىچە ئۈمىد
قۇچاقلايدۇ، سۆيىدۇ بىزنى.
چاقىرىدۇ پارلاق كېلەچەك
ئىش، كۈرەشكە مەرد ئوغۇل - قىزنى.

ئۈمىد، غۇرۇر تەننىڭ تۈۋرۈكى،
ئۈمىد دېگەن روھنىڭ يۈرىكى.
ئۈمىدسىز تەن كېرەكسىز گۆشتۇر،
كېرەكسىزنىڭ كىمگە كېرىكى؟!

يېڭى كۈندە نۇر چاچار ئۈمىد،
يېڭى يىلدا يېڭى قىياپەت.
يۈز ئاچىدۇ كۆز ئالدىمىزدا
يېڭى ئۈمىد سالغان ئىمارەت!



يېڭىلايلى روھنى، كاللىنى،
كونا پېتى بولماي ھاماقەت.
يېڭىلانسا ئىجاد، تەر، مېھنەت،
كۆڭۈل ئاندىن تاپار قانائەت.

تۆھپە بىلەن پۈتۈلسۇن تارىخ،
يورۇق بولسۇن ئەلگە يۈزىمىز.
گۈزەل ۋەتەن قۇرايلى ئورتاق،
پەخىرلەنسۇن ئوغۇل - قىزىمىز!

## قەدىردان بوپ ئۆتسە ئىنسانلار

يۈسۈپجان سۇلايمان

بىلىندۇ سۆيۈملۈك، ئۇلۇغ
ھەممەيلەنگە ئۆز ئەل، ئۆز مىللەت.
بۇنى تارتىش، ئۇنى يەكلەش... لەر
ئەلمىساقتىن ئەڭ يامان ئىللەت.

ئىنسان ئۈچۈن جىنس پەرقلا
بولغىنىنىڭ ئۆزى كۇپايە.
ئۇندىن ئارتۇق پەرق ئىنساننىڭ
شادلىقىغا تاشلايدۇ سايە.

باراۋەرلىك ئەڭ بۈيۈك ئىشتۇر،
ئىناقلىقتىن ھەر دىلدا مېھىر.
ئېھ مېھرىبان ئىنسان قەلبىنىڭ
ئېتىزىغا سوقۇلمايدۇ قىر.

قەدىردان بوپ ئۆتسە ئىنسانلار،
ئالەم قۇچار شادلىقتىن لەززەت.
نىگاھلاردا ئۇۋۇلايدۇ بەخت،
ھاجەت ئەمەس چېكىپ يۈرۈش دەرد.



(ئاپتور: «خەلق ئارمىيىسى» گېزىتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ)



شەيتان لۇغەت: تۆھمەت ــ يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەش. (يۈسۈپقادىر تۇرسۇن)

# قويمىچى

(مۇخەممەس)

ئابدۇرۇسۇل مۇھەممەت (بەختىيار)

ھەيار بولۇپ ئاسمانغا پىچاق ئاتقان قويمىچى،
دۈت ئىشەكنىڭ كەينىگە تۆگە چاتقان قويمىچى،
بۇلبۇل، لاچىن كۆرسىتىپ ھۆپۈپ ساتقان قويمىچى،
ئالچۇ چۇشۇپ ئوشۇقى لايغا پاتقان قويمىچى،
ئەسكى مازغا يۆگىلىپ ھەپتە ياتقان قويمىچى.

پۇلى بارنى كۆرىبەگلا ئەتراپىنى چۆرگىلەپ،
غوجام، خېنىم، بېگىم دەپ ئويناقشىيەن ئەركىلەپ،
نەگە بارساڭ ئېغىزدىن چۇشۇرمەيسەن پەپىلەپ،
سوۋغا ـ سالام يوللايسەن ئۆيلىرىگە پەتىلەپ،
شەيتانغىمۇ قوۋۇلۇقتا كۇرس ئاچقان قويمىچى.

مەن ـ مەن دېگەن يارمىنى ئوڭدا سالدىڭ نەچچە رەت،
مېۋە بولماس تېرەكتىن ئالما ئالدىڭ نەچچە رەت،
مۇغەمبەرلىك سازىنى ھارماي چالدىڭ نەچچە رەت،
گاھ ئېزىقىپ ئۆزۈڭچە دەردكە قالدىڭ نەچچە رەت،
تەگرىگىمۇ ھېيىقماي شىرىك تارتقان قويمىچى.

يەجۇجى ۋە مەجۇجى ئاناڭ بىلەن ئاتاڭمۇ؟
كىشى بىلمەس گۆش دېسەڭ، بەزمىكىن يە پاتاڭمۇ؟
سېنىڭ بىلەن ماڭغاننىڭ يولى دائىم كاتاڭمۇ؟
تاۋار ـ دۇردۇن دېگىنىڭ ئەسلى سېسىق لاتاڭمۇ!
مۆمىنلەرنىڭ ئېشىغا توپا چاچقان قويمىچى.

شەھەر ئېلىپ ئاغزىڭدا ۋەدە بەردىڭ تېپىپ ئەپ،
«ياغاچ قازان بىر قاينار» ـ بۇ سېنىڭچۇن قۇرۇق گەپ،
دوزاقىمۇ كىرگىلى تاس قالسەن چىقسا نەپ،
ئۆتەر كۈنۈڭ گاھ خۇشال، گاھ تويۇقسىز تېپىپ يەپ،
تۈپۈق يولغا خىرامان قەدەم باسقان قويمىچى.

ئىككى يۈتقا ھەر ۋاقىت كىيىۋېلىپ بىر ئۆتۈك،
ئۆيۈڭ تۇرۇپ بىر مىنۇت ئۇخلىيالماي بەخۇدۇك،
تىمىسقىلاپ يۈرۈشكە كوچىلاردا سەن كۈنۈك،
شوراپ تۇرار گوياكى قانلىرىڭنى بىر سۈلۈك،
كوچا ـ كويدا ئۇر ـ ئۇرغا قالغان چاشقان قويمىچى.

يۈل تاپماقنى ئۆزۈڭچە شۇنداق ئاسان بىلدىڭمۇ؟
ئاق كۆڭۈللەر باغرىنى قان چىقارماي تىلدىڭمۇ!
ئورۇق، ۋىجىك تېنىنى كېچە ـ كۈندۈز شىلدىڭمۇ!
چۇلۇك سېلىپ بۇرنىغا تويدۇرماستىن ئىلدىڭمۇ!
دەردى بارغا ھەسسىلەپ دەردنى قاتقان قويمىچى!

قۇربانىڭغا ئايلاندى نەچچە ئادەم، ۋاي ئىست!
تار قەپەزگە ئايلاندى كەڭرى ئالەم، ۋاي ئىست!
قەلەندەرگە ئايلاندى قانچە ھاتەم، ۋاي ئىست!
تويلىرىمىز گوياكى نەزىر ـ ماتەم، ۋاي ئىست!
قانچە جاننى بىگۇناھ دارغا ئاسقان قويمىچى!

تالاي ئالتۇن ـ كۈمۈشلەر سەندە مىسقا ئايلاندى،
باغلام ـ باغلام تىزىلار سەندە ئىسقا ئايلاندى،
تالاي ئىللىق ئائىلە ئاياز ـ قىشقا ئايلاندى،
«رەھمەت!» دېگەن گۈزەل سۆز ۋاي، قارغىشقا ئايلاندى،
جىن ـ شەيتانغا ھەر ۋاقىت ئىشىك باققان قويمىچى!

سەن قۇرمىغان ئىدارە، شىركەت، زاۋۇت قالدىمۇ؟!
پايدىسىغا ساتمىغان ھەتتا تاۋۇت قالدىمۇ؟
سەن دەيۈز قول سوزمىغان بىر تال ئامۇت قالدىمۇ؟
قەسەم ئۈچۈن مۇھەممەت ياكى داۋۇت *قالدىمۇ؟
ھەققەتنىڭ سوتىدىن قورقۇپ قاچقان قويمىچى!

بەس! يىغىشتۇر نەپسىڭنى جاھان ساڭا باقمايدۇ،
ئەقلى بارلار ئالتۇننى قوم ـ توپىغا چاچمايدۇ،
ھىيلە ـ نەيرەڭ، شۇملۇقۇڭ ئەمدى ھەرگىز ئاقمايدۇ،
نائەھلىلەر ھېچكىمنىڭ يۈرىكىگە ياقمايدۇ،
ھەر دوقمۇشتا مىكىردىن قۇرئى ئاچقان قويمىچى!



* مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ۋە داۋۇت ئەلەيھىسسالاملار كۆزدە تۇتۇلدۇ (ئاپتور: يەكەن ناھىيە مېشا يېزا 2 ـ ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# شىنجاڭ يولچىلار پەن ـ تېخنىكا ئۇچۇر مۇلازىمەت ھەمىسىدارلىق شىركىتى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى ئۈچۈن قىزغىن مۇلازىمەت قىلىدۇ

1. سوپۇن پاراشوكى سېتىپ پايدا ئېلىشنى خالامسىز؟ شىركىتىمىز سىزنى مۇنتىزىم زاۋۇتتا ئىشلەنگەن، سۈپىتى ياخشى، باھاسى ئەرزان، پايدىسى يۇقىرى بولغان سوپۇن پاراشوكىنى توپ سېتىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئالاقىلىشىشقا ئالدىراڭ.

2. كىچىك كۆلەمدە سوپۇن پاراشوكى ئىشلەپ پايدا ئېلىشنى خالامسىز؟ شىركىتىمىز سىزنى تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنە بىلەن تەمىنلەيدۇ. تېخنىكا، ئۈسكۈنە ھەققى 6800 يۈەن.

3. رەڭلىك توربasma تېخنىكىسى. بۇ خىل تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ ھەر خىل خەت، بەلگە، رەسىم قاتارلىقلارنى قەغەز، رەخت، سۇلياۋ، ئەينەك، تۆمۈر، ياغاچ، خۇرۇم قاتارلىق بۇيۇملارنىڭ يۈزىگە كۆپ خىل رەڭدە بېسىپ چىقارغىلى بولىدۇ، تېخنىكا ۋە ئۈسكۈنە ھەققى 4500 يۈەن.

4. تۆۋەندىكى ئۈسكۈنىلەرگە خېرىدار بولۇڭ:

(1) شام ياساش ماشىنىسى: 1600 يۈەن.

(2) چاقماق قەنت ياساش ماشىنىسى: 10 مىڭ يۈەن.

(3) بىر يۇرۇش پىنتوزا ئىشلەش ماشىنىسى: 8000 يۈەن.

(4) يېڭى تىپتىكى كىچىك كەپشەر ماشىنىسى: 1250 يۈەن.

(5) ئاپتوماتىك بور ئىشلەش ماشىنىسى: 2800 يۈەن.

(6) 350 ۋات توك چىقىرىدىغان بېنزىن گېنېراتورى: 1900 يۈەن.

5. تۆۋەندىكى ئۈسكۈنىلەر پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلىدۇ.

(1) 3800 تۇخۇملۇق چۈجە چىقىرىش ئىشكاپى (شىركىتىمىز ئەۋەتكەن ئېلېكترونلۇق سايمان ۋە خەرىتىگە ئاساسەن ئۆزى ياسىۋالىدۇ، باھاسى 750يۈەن.

(2) يەر ئاستىدىكى ھەر خىل مېتاللارنى چارلاپ تاپالايدىغان مېتال چارلىغۇچ، باھاسى: 3200 يۈەن.

(3) 500 تۆشۈكلۈك بور قېلىپى: 500 يۈەن.

(4) فوتو سۈرەت ئاپپاراتى: 80 يۈەن.

(5) 40 خىل ئەمەلىي تېخنىكا ماتېرىياللىرى توپلىمى: 60 يۈەن.

6. تۆۋەندىكىلەرگە ئېھتىياجىڭىز بولسا ئالاقىلىشىڭ!

ھەر خىل كەمپۈت ـ پېچىنە ۋە يېمەك ـ ئىچمەك ياساش ماشىنىلىرى؛ ھەر خىل سۇلياۋ بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ماشىنىلىرى؛ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ماشىنىلىرى؛ توك چىقىرىش ماشىنىلىرى؛ ئورما ئورۇش ماشىنىلىرى؛ مەتبۇئاتچىلىق ئۈسكۈنىلىرى؛ ئېلېكترونلۇق قورال ئەسۋابلار قاتارلىقلار.

ئومۇمەن ھەرقانداق تېخنىكا ياكى ماشىنا ـ ئۈسكۈنىگە ئېھتىياجلىق بولسىڭىز ئالاقىلىشىڭ. زاۋۇت قۇرسىڭىز لاياقەتلىك مەھسۇلات چىققانغا قەدەر مۇلازىمەت قىلىمىز.

7. شىركىتىمىز يەنە ئۈرۈمچىدە بېجىرىلىدىغان ھەر خىل رەسمىيەت ۋە گۇۋاھنامىلەرنى ۋاكالىتەن بېجىرىپ بېرىدۇ، ئۈرۈمچىدە ئىش بېجىرگۈچىلەرگە ۋاقىتلىق مەسلىھەتچى ۋە خىزمەتچى خادىم سەپلەپ بېرىدۇ.

پەن ـ تېخنىكا ۋە ئۇچۇر ئىشلىرىغا ئۆزىنى بېغىشلىغان دوستلارنىڭ سېپىمىزگە قوشۇلۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى59 ـ قورۇ. (شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسى ئۇدۇلىدىكى بىنادا)

پوچتا نومۇرى: 830049

ئالاقىلەشكۈچى: ۋارىس ئابابەكرى

تېلېفون نومۇرى: 2874617 (0991)

ETHNIC UNITY

# 民族团结

国家民族事务委员会主办

（用汉、蒙古、维吾尔、哈萨克、朝鲜文出版）

出版/民族团结杂志社

社长、总编辑

铁木尔（蒙古族）

副总编辑

伊德里斯·巴拉提

（维吾尔族）

副社长

张德安（蒙古族）

石维斌（苗族）

（维吾尔文版）

（总第 62 期）

编辑：民族团结杂志社维文室

●主编

伊德里斯·巴拉提

●副主编

亚森·阿瓦孜

●值班编辑

哈米提·尼格麦提

地址：新疆乌鲁木齐市和平南路 204 号 2 号楼 D 单元

邮政编码：830001

印刷：新疆日报社印刷厂

发行：乌鲁木齐邮局

订阅：全国各地邮局

全国统一刊号：CN11—1559

邮政发行代号：58—118

出版日期：1999 年 1 月 15 日


## 1999 年第一期要目


●特　稿

开动脑筋，群策群力，努力开创两刊工作的新局面……李晋有

●民族印象

我心中的新疆……季羡林

●特别观察　纪念改革开放二十周年

1978—1998：我们与祖国一起走过
——中国少数民族在改革开放 20 年里（上）……李小林　许桂林

●理论与研究

文化贫穷与经济贫穷……阿布都外力·依米提

●民族大家庭

白族与其《三月街》……合力里·艾力

●展望世界

美国见闻录……伊德里斯·巴拉提

●说说我的民族

书亭前的联想……哈丽帕·沙吾提

●世界民俗大观

日本人的现代意识……

●知识荟萃

欧洲的《金钥匙》……

特殊维生素——音乐……

●生活顾问

糖尿病患者的《四补》……

●读者之声

18 位读者的心里话……

●花　坛

难忘的相遇　永久的回忆……马合木提·穆罕默得

更新心灵　更新脑筋（诗一首）……艾尔肯·艾拜都拉

但愿人人都相爱（诗一首）……玉素甫江·苏来依曼

为诈骗者画像（讽刺诗一首）……阿布都拉肉苏里·穆罕默得

●画　页

封面：珍重我们的家园……晓宁　天粒

封二：中国少数民族英才录：阿不来提·阿不都热西提…

封三：祝贺新疆医科大学成立和兵团民族师范学校成立 10 周年……

封底：部分少数民族企业家的新年问候（广告）……

# شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتى قۇرۇلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز





تەبرىكلەش پائالىيىتىدىن كۆرۈنۈشلەر



شىنجاڭ تېببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدىن بىر كۆرۈنۈش


تەبرىكلەش پائالىيىتىدىن كۆرۈنۈشلەر

# بىڭتۇەن مىللىي پېداگوگىكا مەكتىپى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 10 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز




مەكتەپ رەھبەرلىك بەنزىسىدىكىلەر مەكتەپنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات پىلانىنى مۇزاكىرە قىلماقتا.


ئوقۇغۇچىلار ئازادە دەرسخانىدا ئەستايىدىل دەرس ئاڭلىماقتا.


ئېلېكترونلاشقان ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش خىزمىتى زور نەتىجىگە ئېرىشتى.

# بىر قىسىم ئاز سانلىق مىللەت كارخانىچىلىرىنىڭ يېڭى يىل سالىمى

ئۈرۈمچى غالىبىيەت كىتابخانىسىنىڭ دىرېكتورى يالقۇن ئابدۇكېرىم كىتابخانىلارغا سەممىي سالام يوللايدۇ




شىنجاڭ تىنچ ئوكيان داۋالاش، ھۆسن تۈزەش مەركىزى سىلەر ئۈچۈن ئەلا مۇلازىمەت قىلىدۇ




ئۈرۈمچى سەنشىخاڭ ئازادگۈل مىللىي سودا بازىرىنىڭ دىرېكتورى: ئازادگۈل خانىم خېرىدارلاردىن سەممىي ھال سورايدۇ




تىجارەت تۈرى: تىجارەتچىلەرگە سودا دۇكانلىرىنى ئىجارىگە بېرىش
ئادرېسى: جەنۇبىي ئازادلىق يولى سەنشىخاڭ ئەنگۈەن ساقچىخانىسى يېنىدا

قۇمۇل قىزغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئەمىنات ـ سودا بىرلەشمە كوپىراتىپ چەكلىك سودا باش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى ئۇسەك ماتى باۋلۇق خېرىدارلارغا سەممىي سالام يوللايدۇ



ئالاقىلىشىش تېلېفونى: 4224780، 4223642 (0908)
فاكس: 4223250 (0908)

ئۈرۈمچى بوستان رېستورانىنىڭ دىرېكتورى زەكىيە خانىم يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچى ئىچى ـ سىرتىدىكى مېھمانلاردىن سەممىي ھال سورايدۇ

ئادرېسى: ئۈرۈمچى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 7 ـ قورۇ
تېلېفون: 2881218، 2866668 (0991)



باش دىرېكتور: زەكىيە خانىم











«民族团结»维吾尔文版（双月刊）
国际标准刊号 ISSN 1002 — 9184
全国统一刊号 CN11 — 1557
定价 3.00 元 باھاسى 3.00 يۈەن

«مىللەتلەر ئىتتىپاقى» (قوش ئايلىق ژۇرنال)
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى 邮发代号 58 — 117